« جۇڭگو سەرخىل ژورناللار سېپى » دىكى نەشرىي ئەپكار
« شىنجاڭ ژورنال مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

荣获《新疆期刊奖》的刊物




1

2015


ISSN 1008-6498


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

• XINJIANG CULTURE • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ • مجلة حضارة شنجيانغ •

# ئەتراپىمىزدىكى ئەدىبلەر



شائىر، ژۇرنالىست، ئالىي مۇھەررىر ، ناتىق ، ئەدەبىيات تەشكىلاتچىسى

ياسىن زىلال ئەپەندى




تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت

ژۇرنال قانۇنىي ۋەكىلى،
دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۈسۈپ

## شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

# 2015.1

(ئومۇمىي 331 ـ سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

چىرىكلىككە، پارىخورلۇققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئاۋامغا بەخت يارىتايلى

## بۇ ساندا

### «تىلەمچىلەر چايخانىسى»دىكى پاراڭلار


مويەنىنىڭ «ئەينىكى»... «ھوقۇق ـ ھوقۇق سودىسى»... «سالتاڭ ئەمەلدار» ۋە «سالتاڭ سودىگەر».... ئادەملەر قانداقلارچە ئەسكى بولۇپ كېتىدۇ... دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش بىر خىل ساپا... ھۆكۈمەت مەخپىيەتلىكىنى كىم ئاشكارىلىدى... بىزدىكى ساختا مائارىپ ........
........ مۇھەممەد ھۇسەن، مۇسا ئەخمەت قاتارلىقلار (ت) 3


### تەپەككۇر دۇنياسى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ........................ نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى قاتارلىقلار 17
ھايات ھەققىدە ............................ ئابدۇرازاق سايىم 22


### ئىزدىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش


ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئۈچ قاتلاملىق ئىدىيەۋى مەنزىلى ............ ئادىل خالىقجان 25


### ئەدەبىياتنىڭ رەڭدار دالاسى


ئەسكى ھېسار خاتىرىلىرى.......... (نەسرلەر) .................. يۇسۇپ ئېلى 30
لاي ھەيكەل.................. (ھېكايە) .......... مۇتەللىپ سەيپۇللا ئەزىز 40


### تارىخنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىبرىتى


تارىخنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىبرىتى ........................ ئەخمەتجان قاسىم 55


### مەدەنىيەت-سەنئەت خەۋەرلىرى


ئۇيغۇر بۇگۇنكى دەۋر نەسر ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى ..............
......................... ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار 77
«قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ خىنزۇچە ئاۋازلىق نەشر نۇسخىسى بېيجىڭدا تارقىتىلدى ...... ئابابەكرى 24


مۇقاۋىدا: ئاسىيا بوكس چېمپىيونى، قەھرىمان ئوغلانىمىز مەرھۇم ئابدۇراخمان ئابلىكىم


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(64-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۇسۇپ
جاڭ خۇڭچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا دىرېكتورى:
ئايگۈل ئەمەت
(كانددات ئالىي مۇھەررىر)



# «تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار

## مويەننىڭ «ئەينىكى»

بىراۋ ئالىي مۇكاپات سەھنىسىدە تۇرسا، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا سۇنغىنى «گۈل» (مەدھىيە) بولماستىن، «سېسىق تۇخۇم» (تەنقىد) بولسا، مۇكاپاتلانغۇچى قانداق مۇئامىلە قىلار؟ قول باغلاپ تۇرارمۇ ياكى غەزەپ بىلەن ھومىيارمۇ؟ بىز بۇنداق ئىشنى بەزىلەرنىڭ كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈۋەتسە، بەزىلەرنىڭ ئاچچىقىدا «ئاخىرىغىچە ھېسابلىشىدىغان»لىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز.

مو يەن «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەندىن كېيىن، كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنىڭغا «گۈل» تۇتتى، ناھايىتى ئاز ساندا «سېسىق تۇخۇم» ئاتقۇچىلارمۇ بولدى. مويەن قانداق قىلدى؟ دەسلەپتە مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن «قاتتىق ئەندىشىگە چۈشتۈم». ئۇنىڭ ھاياجىنىنى باسالماي، جاھانغا تونۇلغان بۈيۈك ئەربابلىق سالاھىيىتى بىلەن «تۇخۇم سوۋغا قىلغۇچى»لارغا زەردە بىلەن ھومىيىپ، دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇشىدىن؛ ئىدراكسىزلىق قىلىپ، جۇدۇنى ئۆرلەپ «يولۋاسنىڭ ساغرىسىنى سىيلىغىلى بولمايدىغان»دەك ئەلپازدا قىر كۆرسىتىشىدىن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن «يامان غەرەز»لىك «ئۆكتەم»لەرنى «كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش»نى ياكى پۇلىنىڭ كۆزىگە قارىماي ئادۋوكات يالالاپ ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپ، «تۇخۇم سوۋغا قىلغان»لارنى سوراقخانىغا ئاپىرىپ «قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش»نى تەلەپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم.

مو يەندىن ئەنسىرىشىم ھەرگىز ئورۇنسىز ئەمەس، چۈنكى، مەيلى ئۆكتەملىك ئەۋج ئالغان ئەمەل سورۇنىدا ۋە ياكى «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىپ، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» مودا بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە بولسۇن، «يولۋاسنىڭ ساغرىسىنى سىيلىغىلى بولمايدىغان» ئىشلارنى كۆرە - كۆرە كۆزىمىزگە سىڭىپ قالدى. ھالبۇكى، ئەنسىرىشىمنىڭ ئەكسىچە، مو يەن خاتىرجەم كەيپىيات، ئەپۇچان پوزىتسىيە، كەمتەر روھىي ھالەت بىلەن قىيقاس - چۇقانلارنى، تىغدەك ئۆتكۈر تەنقىدلەرنى بىر - بىرلەپ «قوبۇل قىلدى». مېنى خۇرسەن قىلغىنى، مويەننىڭ بىر قەدەر سەممىيلىك بىلەن تەنقىدلەرنىڭ ئۇنى «بىئارام قىلغانلىقى»نى ئېتىراپ قىلغىنى، شۇنداقلا ئاخىرىدا كاللىسىنى يەنىلا سەگەك تۇتۇپ، سوغۇققانلىق بىلەن تەنقىدلەرنىڭمۇ «ئاساسى بار» دەپ ئويلىغىنى بولدى. مېنى تېخىمۇ قايىل قىلغىنى، مو يەننىڭ «ئاقىللىق بىلەن»

تەرجىمە كۆزنىكى

تەنقىدكە مۇئامىلە قىلىشنىڭ ياخشى تەدبىرى — ئەينەكنى ۋاستە قىلىش، يەنى ئۆزى ئۆزىنىڭ يانىدىن كۆزەتكۈچىسى بولۇشنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئىدى. ئۇ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «ئوچۇقنى دېسەم، بىر ئايدىن بېرى بىر مەيدان ھاياتلىق سىنىقىنى باشتىن ئۆتكۈزدۈم. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى چۆرىدىگەن بەس-مۇنازىرىلەر خۇددى بىر پارچە ئەينەككە ئوخشايدۇ. بۇ ئەينەكتىن مەن ئاۋام كۆڭلىنى، كىشىلەر ئارا مۇئامىلىنى، ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈمنى كۆردۈم. بۇرۇن بىرى بۇ گەپنى چۈشەنمەي، نېمە دېگەنلىك بۇ؟ نېمىشقا بۇنىڭدىن ئۆزىنى كۆرگىلى بولىدۇ؟ دەپ سورىغانىدى. دېمەكچىمەنكى، ئەمەلىيەتتە بۇ دەۋر ئاتا قىلغان بىر خىل مۇمكىنچىلىك. ئون يىل ئاۋۋالقى تورسىز چاغلاردا بۇنداق مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا پەقەت گېزىتتىن كۆرەتتۇق، باشقىلارنىڭ ‹پالانى سىزگە مۇنداق باھا بېرىۋاتىدۇ› دېگەندەك گەپلىرىنى ئاڭلايتتۇق. ھازىرقىدەك تور ھەممە يەرنى قاپلىغان دەۋردە، ھەر خىل، ھەر مەقامدىكى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك تۈمەن خىل كۆز قارىشى ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنالايدۇ. بۇ مېنى تەرىپلەشنىمۇ، ئاچچىق مەسخىرە قىلىشنىمۇ ۋە يېغىرىمغا تېگىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ كېيىنكىسى، ئۇ مېنى بىئارام قىلسىمۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭ زاكونى بار دەپ ئويلايمەن، شۇڭا ماڭا نىسبەتەن مەدھىيەمۇ، تەنقىدمۇ ئوخشاشلا پايدىلىق. مەندە مۇنداق بىر سېزىم بار، مەن ھازىر جەمئىيەتتىن ئىبارەت مىكروسكوپ ئاستىغا قويۇلدۇم، مەن كۆرگەن بۇ كىشى ئۆزۈم ئەمەس، بەلكى ‹مو يەن› ئىسىملىك بىر يازارمەن، ئۆزۈم بولسام چەتتىن كۆزەتكۈچىگە ئايلىنىپ قالدىم. چەتتە تۇرغاندا كىشىلەرنىڭ كۆرسەتمىسىنى، بەس-بەستە بەرگەن باھاسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنداق پۇرسەت كەمدىن-كەم تېپىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئۆمۈرۋايەت مەنپەئەتلىنىمەن» دېدى.

مەن بۇنىڭدىن نېمىلا دەيلى مو يەن دېگەن زاغرا يەپ چوڭ بولغان، تېشىمۇ، ئىچىمۇ پال-پاللىقتىن خالىي. ئۇ كېيىن شەھەرگە كىرىپ ئەمەل تۇتۇپ، نام چىقارغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كۆڭۈل رىشتى ئاشۇ قوناقلىققا باغلانغان، ئۇ گاۋمىدىكى يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇغىنى يوق، ئۇ ھېلىھەم دېھقانلارنىڭ ئاددىي-ساددا ۋە سەممىي خىسلىتىنى ساقلاپ قالغان دېگەنلەرنى ئويلىدىم. دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىقىش، شۇنىڭدەك دېھقانلارنى ئۇنتۇماسلىق ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمەسلىك مو يەننىڭ ئەڭ قىممەتلىك تەرىپى. گاۋمىنىڭ قوناقلىقلىرى ئۇنىڭغا «ئالاھىدە ئوزۇقلۇق» بەرگەچكە، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى «تولغان نازىنىن»دەك جاھان ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا نائىل بولالىدى ۋە نوبېل مۇكاپات سەھنىسىگە چىقالىدى. مەلۇم مەنىدە: «گاۋمى بولمىسا مويەن بولمايتتى، مويەن سېپى ئۆزىدىن دېھقان» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

مو يەننىڭ «ئەينىكى» سېھىرلىك ئەينەك. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن كىشى ئۆز گۈزەللىكىنى، قارشىسىدىن رەزىللىكىنى كۆرەلەيدۇ. تور ھەممە بولۇڭ-پۇچقاقنى قاپلىغان بۇ زاماندا، مۇستەبىتلىك، مىستىتسىزم (سىرلىقلىشىۋېلىش) مىسلى كۆرۈلمىگەن خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. توردىن ئىبارەت «سېھىرلىك ئەينەك» ئالدىدا بارلىق «جىن-شاياتۇنلار»لارنىڭ ئەپت-بەشىرىسى ھامان ئاشكارا بولىدۇ. مو يەن «ئەينەك»تىن ئۆزىنىڭ «يەنە بىر تەرىپى»نى كۆرۈۋالدى. تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ، بولۇپمۇ مەنسىپى چوڭلار، داڭدارلارنىڭ مويەننى ئۆزىگە ئەينەك قىلىشنى ئارمان قىلىمەن.

ياڭ شۆۋۇ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «تاللانغان فېليەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2013-يىللىق 2-ئايلىق سانى (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق سانى) دىن **مۇھەممەد ھۇسەن** تەرجىمىسى

## «ھوقۇق — ھوقۇق سودىسى»

نەچچە كۈن ئاۋۋال، جۇڭگو ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى يۇڭجۇڭ نۆۋەتتىكى چىرىكلىشىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ: «مەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا دۆلىتىمىزدىكى چىرىكلىشىشنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى مۆلچەرلەپ، ئۇنى ‹ھوقۇق — پۇل سودىسى›، ‹ھوقۇق-شەھۋەت سودىسى›، ‹ھوقۇق — ھوقۇق سودىسى›دىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامغا بۆلگەنىدىم. مانا ھازىر ئۈچىنچى قاتلامدىكى چىرىكلىك، يەنى «ھوقۇق — ھوقۇق سودىسى» باش كۆتۈرۈپ قالدى. بۇ سودا ماددىي شەكىل ۋە غەيرىي ماددىي شەكىلدىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتتى. ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي مەنپەئەت شەكلى بىۋاسىتە ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى ھوقۇق

سودىسى قىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەن قىزىڭىزنى زاپاس كادىر
قىلىپ تەربىيىلىسەم، سىز ئوغلۇمنى شەھەر باشلىقلىقىغا
ئۆستۈرسىز. «ھوقۇق — ھوقۇق سودىسى» شەكىللەنگەن
ھامان پۈتكۈل جەمئىيەت «قاتماللىشىۋېلىپ»، تۆۋەندىكى-
لەرنىڭ يۇقىرىغا يۈرۈشۈشى قىيىنلىشىدۇ. «2 - ئەۋلاد ھو-
قۇقدارلار»، «2 - ئەۋلاد بايۋەتچىلەر» مانا مۇشۇنداق شە-
كىللەنگەن» دېدى.

لى يۇجۇڭنىڭ ئېيتقانلىرى ھەرگىز كۆپتۈرمە
ئەمەس، رېئاللىقتا بۇ خىل «ھوقۇق — ھوقۇق سودىسى»
ھەر خىل نام - ئاتاق بىلەن ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان
(شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ «يېرىم ئايلىق سۆھبەت» ژۇرنىلى
بۇ ھەقتە خەۋەرمۇ بەرگەن). دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئىمتى-
ھانىدىكى ساختىلىق قىلمىشى بارغانچە «ئىلغارلىشىپ» ئا-
تالمىش «يوشۇرۇن پىرىنسىپ»تىن رەھبەرلەر پەرزەنتلىرى-
نىڭ «بوي - بەستىگە ماسلاشتۇرۇپ» ئورۇن «پىچىش»قا
تەرەققىي قىلدى. ئىمتىھاندىكى ساختىلىق قىلمىشى
«ئىچكى قىسمىدا بېكىتىپ بولۇش»، «ئىمتىھاندا كۆچۈرتى-
كۈزۈش»، «تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش»، «ئىختىساس-
لىقلارنى كىرگۈزۈش» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
«ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش» (ئوغلىڭىز ئىدارە-
گە كىرىدۇ، قىزىم ئىدارىڭىزگە بارىدۇ) بۇلارغا تەبىئىي
سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

بۇ خىل «ھوقۇق — ھوقۇق سودىسى»، «تۇرۇپسا-
مان تەكلىپ قىلىش» شەكلىنىڭ ئەلالاشتۇرۇلغان نۇسخىسى
بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئەمەلدارلار پەرزەنتلىرى-
نىڭ مەنسەپ تۇتۇشىغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە ئەپچىللىك
بىلەن يول ئاچقىلى؛ كېيىنكى ئۆستۈرۈشتە «بىۋاستە
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يىراق تۇرۇش» پىرىنسىپىدىن ئەگىپ
ئۆتكىلى؛ باشقىلارنىڭ كوكۇلىڭىزدىن تۇتۇۋېلىش ئېھتىما-
لىقىنى ئازايتقىلى ياكى ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ-
دىن باشقا ھازىر بىر قىسىم جايلاردا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق
بولغان «بۇلۇتسىمان ۋارىسلىق قىلىش» شەكلى پەيدا
بولدى. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: ئا كىشىنىڭ ئوغلى ب
كىشى تەرىپىدىن س كىشىنىڭ، ب كىشىنىڭ ئوغلى س
كىشى تەرىپىدىن د كىشىنىڭ، س كىشىنىڭ ئوغلى د كىشى
تەرىپىدىن ئې كىشىنىڭ، د كىشىنىڭ ئوغلى ئا كىشى تەرىپى-
دىن ب كىشىنىڭ ئورنىغا چىقىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تەك-
شۈرسىمۇ، ھەتتەكى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھېچقانداق «يولى»
يوق بولۇپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە نەچچە قاتلام نېرىدا ناھا-
يىتى كۈچلۈك ئارقا تىرەك بولغان بولىدۇ. بۇنچە يوشۇ-
رۇن ۋە مەككارانە قىلمىش ئالدىدا ھېلىقىدەك «ئاكاڭ قا-
رىغاي ئوغلىنى ئۆزى ئىمتىھان ئېلىپ بىۋاستە قوبۇل قىلى-
دۇ» دەيدىغان نوقۇل ھالدىكى «تۇرۇپسىمان تەكلىپ
قىلىش» تولىمۇ بىچارە كۆرۈنىدۇ.

«ھوقۇق — ھوقۇق سودىسى»نىڭ تايىنىدىغىنى
تەسىر كۈچى بار ئاتا - ئانىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە
يەنىلا ھوقۇقتۇر. بىراق بۇنى ئىلگىرىكى بىۋاستە ئورۇن-
لاشتۇرۇشقا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا يوشۇرۇن بولۇپ، بايقى-
ماق تېخىمۇ قىيىن. «ھوقۇق — ھوقۇق سودىسى»نىڭ
ئالدىنقى شەرتى، ئىككىلا تەرەپ ھوقۇقدار بولۇش، ھەتتا
تەڭ دەرىجىلىك بولۇشتۇر. سىز بۇياقتا مۇھىم ئەمەلدە،
مەن ئۇياقتا ئالىي مەنسەپتە، ئىككىمىزنىڭ قولىدىكى
ھوقۇق چوڭمۇچىنىڭ سىپى سودىمىزنىڭ دەسمايىسى بولى-
دۇ. بۇ مەيدان مەينەت سودىدا، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت
قانۇنى يوشۇرۇنچە يىمىرىۋېتىلگەن، ھەققانىيەت رەھىمسىز-
لەرچە يوقىتىۋېتىلگەن. ئۇلار بۇ سودىدا ئىنس - جىنغا تۇي-
دۇرماي، يەڭ ئىچىدە كېلىشكەچكە، پەرزەنتلىرى مەنسەپ
يولىغا ئوڭۇشلۇق كىرىپ باشقىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپلا
قالماي، مەرتىۋىسى تېز ئۆرلىگەنلىكتىن، نۇرغۇن كىشى ئې-
رىشىشكە ھەقلىق بولغان يۇقىرى ئۆرلەش پۇرسىتىنى يوق
قىلىدۇ.

بىرى مۇنداق دېگەنىدى: «بىر ياخشى جەمئىيەتنىڭ
ئۆلچىمى قانۇن - نىزامدىن باشقىنى نۆلگە تەڭ قىلىشتۇر،
بىر ناچار جەمئىيەتنىڭ ئۆلچىمى قانۇن - نىزام نۆلگە تەڭ
بولۇشتۇر». بەلكىم، جەمئىيەتنىڭ ياخشى - يامانلىقى توغ-
رىسىدا بۇنداق ھۆكۈم قىلساق ئازراق مۇتلەقلەشتۈرۈۋەت-
كەنلىك بولار. بىراق تاغدەك پاكىت شۇكى، جەمئىيەتنى
يۈرۈشتۈرۈۋاتقىنى «يوشۇرۇن پىرىنسىپ» بولسا، ھوقۇق
قايتا - قايتا مۇقەددەس قانۇن - نىزاملارنى پارچىلىۋەتسە،
بۇ ھەرگىزمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. «ھوقۇق — ھوقۇق
سودىسى»دا، ھوقۇقدارلارنىڭ چېچەكى چاي بولۇپ، پەر-
زەنتلىرى كۆتۈكىنىگە ئېرىشىدۇ، بىراق باشقىلارچۇ؟ دەسما-
يىسى يوق ئاۋام پۇقراچۇ؟ ئۆتكەن يىلقى چاڭ جىدىكى مە-
مۇرلۇق ئىمتىھانى سەتچىلىكىدە، دېھقان پەرزەنتى سۇڭ جياڭمىڭ
يازمىچە ۋە يۈزتۇرا ئىمتىھاندا 1 - بولغان بولسىمۇ، سالا-
مەتلىك تەكشۈرتۈشتە ھوقۇقدارلارنىڭ ئەتەي ھىيلە ئىش-
لىتىشى نەتىجىسىدە شاللاپ چىقىرىۋېتىلدى. كېيىن مېدىيە-
لەرنىڭ ئاشكارىلىشى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورۇنلى-

رىنىڭ قول تىقىشى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا «2 - ئەۋلاد هوقۇقدار»نىڭ ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى. كۆنەمىزدە، تىرىشچان، ئالغا ئىنتىلىدىغان نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرى ئاز ئەمەس. ئۇلاردا تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە بولغان ئوتتەك ئىنتىلىش بار. ئۇلار «بەخت تەردىن كېلەر» دېگەنگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. مۇبادا نامرات ئائىلىلەرنىڭ مۇشۇنداق مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنىڭمۇ ئالدىنى ئېتىپ قويساق، ياشلارنىڭ يۈرىكىنى تۆكۈلتۈۋەتكەن بولىمىز. بۇ ياشلار ئارتۇقتىن - ئارتۇق دوقالغا دۈچ كېلىۋېرىپ چۈشكۈنلەشسە، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى نېمە بولۇپ كېتەر؟

هازىر تۆۋەن قاتلامدىكىلەر ياكى نامرات ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى كىچىككىنە يەر بېغىرلىغۇچىلاردەك هوقۇق دەرىخىنىڭ يىلىمگە چىلىق چاپلاشتۇرۇلۇپ چەكلەپ قويۇلماقتا. ئۇلارنىڭ يۇقىرىغا ياماشمىقى بەسىي مۇشكۈل، پەقەتلا تىركىشەلەيدۇ، خالاس. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر - بىرلەپ كەھرىۋاغا ئايلىنىپ، بۇ دەۋرنىڭ ئەۋرىشكىسى بولۇپ قالىدۇ. سۆزسىزكى، نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنى «كەھرىۋالاشتۇرۇش»مۇ، جەمئىيەت قاتلىمىنىڭ «قاتماللىۋېلىشى»مۇ ئوخشاشلا قورقۇنچلۇق. گەپنىڭ يەكۈنى شۇكى، «هوقۇق — هوقۇق سودىسى» شەكىللەنگەن هامان، پۈتكۈل جەمئىيەت «قاتماللىشىۋالىدۇ». بىر قاتماللاشقان جەمئىيەت ئاقىۋەتتە هەممەيلەنگە «قاباهەتلىك چۈش» ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنداقتا «هوقۇق — هوقۇق سودىسى»نى قانداق ئازايتقىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا هوقۇق ئوچۇق - ئاشكارا يۈرگۈزۈشتىن باشقا، ئاممىنىڭ نازارەت قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغىتىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلهام بېرىش تولىمۇ زۆرۈر.

ۋاڭ شىچۈەن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2013 - يىللىق 2 - ئايلىق سانى (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق سانى)دىن **مۇھەممەد هۇسەن** تەرجىمىسى

تىلماچ: سانجى شەهرى شەرقىي مەدەنىيەت يولى 29 - نومۇر شىنجاڭ بىزائىكىلىك كەسپ - تېخنىكا ئىنستىتۇتىدا.

# «سالتاڭ ئەمەلدار» ۋە «سالتاڭ سودىگەر»

«ئىقتىساد كۆزىتىش گېزىتى» 2013 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە ئىككى ئاي داۋاملاشقان «جۇڭگودىكى كارخانىچىلارنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تەكشۈرۈش»نى قانات يايدۇرغان. نەتىجىدە: تەكشۈرۈلگۈچىلەرنىڭ 45.71% ئاهالىنى كۆچۈرگەنلىكىنى ياكى كۆچۈرۈشنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن؛ روهىي بېسىم جەهەتتە، تەكشۈرۈلگۈچىلەرنىڭ 42.86% «ئىنتايىن تەشۋىشلىنىش» هالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، يەنە 35.71% «ئازراق تەشۋىشلىنىش» هالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن، پەقەت 1.43% تەكشۈرۈلگۈچىلا ئۆزىنى «تەشۋىشلەنمىدۇق» دەپ قارىغان.

«سالتاڭ سودىگەر»لەر ئەھۋالى ئاللىقاچان پەيدا بولغان بولۇپ، «سالتاڭ ئەمەلدار» بىلەن «سالتاڭ سودىگەر»لەر بىللە ياشاش ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلمەكتە هەمدە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا قارىتا ئالاهىدە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە.

روهىي بېسىم جەهەتتە، «سالتاڭ ئەمەلدار» بىلەن «سالتاڭ سودىگەر»لەرنىڭ بىر ئورتاق ئالاهىدىلىكى بار، ئۇ بولسىمۇ — قورقۇش. «سودىگەر ئەمەلداردىن قورقۇش، ئەمەلدار ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن قورقۇش» بىر خىل قانۇنىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. بىر سودىگەر جۇڭگودا سودا قىلىشتا هۆكۈمەتنىڭ هەر خىل ئاپپاراتلىرىغا ۋە ئەمەلدارلارغا يۈزلەنگەندە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يوق بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئورتاق تۇيغۇ قورقۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ساقچى، تەپتىش، قانۇن ئورۇنلىرىدىن تارتىپ يەرلىك تارماقلىرىغىچە، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن تارتىپ سۈپەت نازارەتچىلىكى ئىدارىسىگىچە، شۇجى، شەهەر باشلىقلىرىدىن تارتىپ هاكىم، بازار باشلىقلىرى هەتتا كەنت باشلىقلىرىغىچە هېچقايسىنىڭ چىشىغا تەگكىلى بولمايدۇ. هۆكۈمەت دائىرىلىرى بىرەر سودىگەرنى ئۇچۇغدىماقچى، ئاگاهلاندۇرماقچى، ئەدىپىنى بەرمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ قوللىنىدىغان ۋاسىتىسى 72 خىل هۈنەردىنمۇ كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناهايىتى ئەپچىل.

دەرۋەقە ئەمەلدارلارنىڭمۇ قورقىدىغىنى بار، ئۇلار ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىدىن قورقىدۇ. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن تارتىپ هەر دەرىجىلىك

ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلدارلارنى تىزگىنلىگۈچى ئورۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلدارلاردىن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلغاندا ياكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەرىپىدىن سۆزلىشىشكە چاقىرتىلغاندا يۈرىكى پوكۇلدىمايدىغان كىم بار دەيسىز؟ ئەمەلىيەتتە ئەمەلدارلارنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن قورقۇشىدىن ئەجەبلەنگىلى بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇ يەرگە چاقىرتىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى قايتىپ كېلەلمەيدۇ، ئاساسەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، بەلگىلەنگەن ئورۇندا مەسىلىسىنى تاپشۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن قولغا ئېلىنىدۇ، ئەيىبلىنىدۇ، سوتلىنىدۇ، ئەڭ ئاخىرى تۈرمىگە كىرىدۇ.

بۇ خىل قورقۇشتىن سىرت، «سالتاڭ ئەمەلدار» بىلەن «سالتاڭ سودىگەر»لەر يەنە ئىككى تەرەپتىن قورقىدۇ. ئىككى تەرەپتىن قورقۇش دېگەن نېمە؟ سودىگەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار ئەمەلدارلاردىن قورقۇپلا قالماي، يەنە ئۆزىنىڭ كەسىپداشلىرىدىنمۇ قورقىدۇ. چۈنكى، رېئاللىقتا شۇنداق بىر تۈركۈم سودىگەرلەر باركى، ساقچى، تەپتىش، قانۇن قاتارلىق ئەدلىيە ئاپپاراتلىرىنى پارا بېرىش ئارقىلىق ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، نورمال سودا ماجىراسى ۋە ھەق - تەلەپ ماجىراسىنى جىنايى ئىشلار دېلوسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ھەمكارلاشقان ھەمراھلىرىغا جىنايى ئىشلار بويىچە زەربە بېرىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل ئىنتايىن قەبىھ.

ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن قورقۇپلا قالماي، يەنە سودىگەرلەردىنمۇ قورقىدۇ. چۈنكى، بەزى سودىگەرلەر پارا بەرگەن چاغدا، سۈرەت ئىسپاتى قالدۇرۇپ قويىدۇ؛ يەنە بەزى سودىگەرلەر ئۆزى ھەرىكەت قىلىپ، ئەمەلدارلارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىۋالىدۇ. شاڭخەيدىكى سودىيەلەرنىڭ كوللېكتىپ پاھىشىۋازلىق قىلىش دېلوسى بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. شاڭخەيدىكى سودىيەلەر دېلوسى كىشىلەرگە ئەمەلدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشى ناھايىتى ئاسان بولۇپلا قالماي، ئەگەر سودىگەرلەر ئەمەلدارلارنى موللاق ئاتتۇرماقچى بولسا، پەقەت كۈچ سەرپ قىلىدىغانلا بولسا، ئوخشاشلا غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى، ئەمەلدارلار كۆپ بولغاندا ئىككى يىلدا چوقۇم قۇيرۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەمەلدارلارمۇ قورقىدۇ، سودىگەرلەرمۇ قورقىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار خوتۇن - بالىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن چەت ئەلگە چىقىرىۋېتىپ، «سالتاڭ ئەمەلدار» ۋە «سالتاڭ سودىگەر» بولۇۋالىدۇ.

مەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى «سالتاڭ ئەمەلدار» ۋە بىر قىسىم «سالتاڭ سودىگەر»لەرگە «ئائىلىسى بار، ۋەتىنى يوق، نەپسى يامان ئاچ كۆزلەر» دەپ تەبىر بەردىم.

ئۇلارنىڭ قەلبىدە كىچىك ئائىلە بار، ۋەتەن يوق، شۇڭلاشقا ئۇلار خوتۇن - بالىلىرىنى چەت ئەلگە چىقىرىپ، يۇقىرى ساپالىق تۇرمۇش ۋە مائارىپتىن بەھرىمەن قىلدۇرىدۇ. لېكىن ئۆزلىرى بۇ دۆلەتتىن كېتىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى، بۇ يەردە ئۇلارنى قىزىقتۇرىدىغان غايەت زور پايدا بار، شۇڭلاشقا ئۇلار جۇڭگودا قېلىپ داۋاملىق ناتوغرا ۋاستىلەر ئارقىلىق مال - دۇنياغا ئېرىشىدۇ.

ئەمەلدارلار بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ پىلانلاپ، ھەددەپ پۇل ۋە ھوقۇق سودىسى قىلىۋاتقان مەنپەئەت زەنجىرىدە، «سالتاڭ ئەمەلدار»لار بىلەن «سالتاڭ سودىگەر»لەرنىڭ زىيىنى ئىنتايىن زور، چۈنكى، خوتۇن - بالىلىرى جۇڭگودا بولمىغاچقا، ئۇلار قىلچە تەپتارتماي يۇقىرى - تۆۋەن تىل بىرىكتۈرۈپ نەيرەڭۋازلىق قىلىدۇ.

يەنە بىر زىيىنىمۇ بار، «سالتاڭ ئەمەلدار»لار بىلەن «سالتاڭ سودىگەر»لەرنىڭ پۇلى ياكى ھوقۇقى بولغانلىقتىن، ئۇلار دەسلەپكى خوتۇنىدىن سىرت، يەنە كىچىك خوتۇن ئالىدۇ، ئىككى ياكى ئۈچ ئاشنا تۇتىدۇ، بۇ ئەسلىدىكى نورمال ئائىلىگىمۇ ئازار بېرىپ، كەلگۈسىدە چوقۇم مال - مۈلۈك تالىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

مۇنداق «سالتاڭ ئەمەلدار» ۋە «سالتاڭ سودىگەر»لەرنىڭ ئىگىلەيدىغان سالمىقىنىڭ قانچىلىك ۋە ھازىرقى ھالىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

«سالتاڭ ئەمەلدار» ۋە «سالتاڭ سودىگەر»لەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان بارلىققا كەلگەن ئالاھىدە توپ بولۇپ، ئادەمنى خورسۇندۇرىدۇ ھەم شۈبھىلەندۈرىدۇ.

**مۇنداق ئەھۋال يەنە قانچە ئۇزاققىچە داۋاملىشار؟**

ۋاڭ يىۋى ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما ئەسلىدە 2013 - يىلى 17 - ئۆكتەبىر «جۇڭخۋا سودا - سانائەتچىلەر ۋاقىت گېزىتى»گە بېسىلغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانمىلار ژۇرنىلى»نىڭ 2013 - يىللىق 12 - ئايلىق ئالدىنقى يېرىم ئايلىق سانىدىن **مۇسا ئەخمەت** تەرجىمىسى

# ئادەملەر قانداقلارچە ئەسكى بولۇپ كېتىدۇ

بىر قېرى ئالۋاستى ئادەملەرنىڭ ئىنتايىن بەختلىك ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كىچىك ئالۋاستىلارغا: «بىز ئادەملەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتەيلى، ئۇنداق قىلمىساق بىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايمىز» دەپتۇ.

ئۇ دېھقاننىڭ ھەر كۈنى جاپالىق ئىشلەپ، ناھايىتى ئاز ھوسۇل ئالسىمۇ يەنىلا ئىنتايىن قانائەت قىلىپ، ناھايىتى خۇشال يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر كىچىك ئالۋاستىنى دېھقاننى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ.

كىچىك ئالۋاستى قانداق قىلغاندا دېھقاننى ئەسكى قىلىۋەتكىلى بولار دېگەننى ئويلاپ، ئىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ دېھقاننىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ يەرلىرىنى ناھايىتى قاتتىق قىلىۋېتىپتۇ. دېھقان ئىش ناھايىتى جاپالىق بولسىمۇ قىلچە ۋايسىماي، ئازراق دەم ئېلىۋېلىپلا يەنە داۋاملىق ئىشلەۋېرىپتۇ، كىچىك ئالۋاستى تەدبىرىنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، نائىلاج بۇرنىنى تارتىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

قېرى ئالۋاستى يەنە بىر كىچىك ئالۋاستىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئالۋاستى دېھقاننى شۇنچە جاپاغا قويساقمۇ كارغا كەلمىگەندىكىن، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئېلىپ كېتەي دەپ، دېھقاننىڭ چۈشتە يەيدىغان بولكىسى بىلەن ئىچىدىغان سۈيىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ ۋە دېھقان شۇنچە جاپالىق ئىشلەپ قاتتىق چارچىدى ھەم قورسىقى ئاچتى، ئەمدى بولكا بىلەن سۇنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ جەزمەن ئاچچىقى كېلىپ بوغۇلۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

دېھقان ھەم ئۇسساپ ھەم قورسىقى ئېچىپ، دەم ئېلىش ئۈچۈن دەرەخ تۈۋىگە كەپتۇ ۋە بولكا بىلەن سۇنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ يوقاپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن، «قايسىبىر بىچارە ئۇ بولكا بىلەن سۇغا مېنىڭدىنمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق بولغاندۇ؟ ئەگەر ئۇ نەرسىلەر ئۇ بىچارىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالىغانلا بولسا بوپتۇ» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ كىچىك ئالۋاستى يەنە مەغلۇپ بولۇپ كېتىپ قاپتۇ.

قېرى ئالۋاستى ئەجەبا بۇ دېھقاننى ئەسكى قىلىۋېتىدىغان بىرەر ئامال يوقمىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا 3-كىچىك ئالۋاستى ئوتتۇرىغا چىقىپ، قېرى ئالۋاستىغا: «مېنىڭ ئۇ دېھقاننى جەزمەن ئەسكى قىلىۋېتىدىغان ئامالىم بار» دەپتۇ.

كىچىك ئالۋاستى ئاۋۋال دېھقان بىلەن دوست بولماقچى بولغانىكەن، دېھقان ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن دوست بوپتۇ. ئالۋاستىنىڭ ئالدىن بىلىش ئىقتىدارى بولغانلىقتىن، دېھقانغا كېلەر يىلى قۇرغاقچىلىق بولىدىغانلىقىنى، سۇلۇق يەرگە شال تېرىشنى ئېيتقانىكەن، دېھقان ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە تېرىپتۇ. نەتىجىدە 2-يىلى باشقىلار ھوسۇل ئالالماپتۇ، پەقەت دېھقانلا مول ھوسۇل ئېلىپ، سېڭى ئاشلىققا تولۇپ بېيىپ كېتىپتۇ.

كىچىك ئالۋاستى ھەر يىلى دېھقانغا نېمە تېرىسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئۈچ يىلدىن كېيىن دېھقان ناھايىتى باي بوپتۇ. كىچىك ئالۋاستى دېھقاننى گۈرۈچتىن ھاراق چىقىرىپ سېتىپ، تېخىمۇ جىق پۇل تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقان بارا-بارا ئىشلىمەيدىغان بولۇپ، باشقىلاردىن ئېلىپ پايدىسىغا سېتىشقا تايىنىپ، ئىلگىرىكىدىنمۇ جىق پۇل تېپىپتۇ.

بىر كۈنى قېرى ئالۋاستى كەلگەنىكەن، كىچىك ئالۋاستى ئۇنىڭغا: «قارىسىلا مەن ھازىر نەتىجەمنى نامايان قىلىمەن. ھازىر دېھقاننىڭ جىسمىدا چوشقىنىڭ قېنى پەيدا بولدى». ئەمدى پەقەت شۇنى كۆرىمىزكى، دېھقان كەچلىك زىياپەت بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ھەممە بايلار قاتنىشىپ، ئەڭ ياخشى ھاراقلارنى ئىچىپ، ئەڭ ئېسىل تائاملارنى يەيدۇ، ئۇلارنى يەنە نۇرغۇن چاكارلار كۈتىدۇ. ئۇلار يەپ-ئىچىپ ئىنتايىن ئىسراپچىلىق قىلىدۇ، كىيىم-كېچەكلىرى قالايمىقان ھالدا غەرق مەست بولۇپ، خۇددى چوشقىغا ئوخشاش كېلەڭسىز سېمىز كالۋالارغا ئايلىنىدۇ، دەپتۇ.

كىچىك ئالۋاستى يەنە: «سىلى تېخى ئۇنىڭ جىسمىدا بۆرىنىڭ قېنى پەيدا بولغانلىقىنىمۇ كۆرىلا» دەپتۇ. شۇ چاغدا بىر چاكار ئۈزۈم ھارىقى ئېلىپ چىقىۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ كېتىپتۇ. دېھقان: «سەن ئىش قىلساڭ نېمانداق ئېھتىيات قىلمايدىغان نېمىسەن!» دەپ تىللاشقا باشلاپتۇ، چاكار: «خوجايىن بىز تېخى ھازىرغىچە تاماق يېمىدۇق، قورسىقىمىز ئېچىپ ھالىمىز قالمىدى» دېسە، دېھقان: «ئىشنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، نېمىگە تاماق يەيتتىڭلار!» دەپ يەنە تىللاپتۇ.

قېرى ئالۋاستى ئۇ ئىشلارنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كىچىك ئالۋاستىغا: «سەن قالتىس ئىكەنسەن! سەن قانداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىغانىكەن، كىچىك ئالۋاستى: «مەن

پەقەت ئۇنى ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەردىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئىگە قىلدىم، شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىدىكى ئاچ كۆزلۈكنى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ» دەپتۇ.

تولستوينىڭ بۇ ئەسىرى ئەسلىدە 2013 ـ يىل 6 ـ ئايدىكى «ياشلار تەرمىلىرى»گە بېسىلغان بولۇپ، «تاللانغان فېلىيەتونلار ژۇرنىلى»نىڭ 2013 ـ يىللىق (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) 11 ـ سانىدىن **مۇسا ئەخمەت** تەرجىمىسى.

# دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش بىر خىل ساپا

شىمالىي تىروپىك سىزىقى جۇڭگونىڭ قايسى ئۆلكىسىنى كېسىپ ئۆتمەيدۇ؟كىم تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «شېئىر قۇلى»غا ئوخشىتىلغان؟ تۇنجى قېتىم «ئەنخۇي دىراما كوللېكتىپىنىڭ بېيجىڭغا كىرىشى» قايسى پادىشاھ تەختتە ئولتۇرغاندا بولغان ئىش؟... بۇلار شياڭگاڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 2 ـ قېتىملىق دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە ئوتتۇرا مەكتەپلەر گۇرۇپپىسى ئۈچۈن چىقىرىلغان سوئاللار ئىكەن، مەن بۇ سوئاللارنى كۆرگەنسىرى خىجىل بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەر گۇرۇپپىسىنىڭ سوئاللىرىنى كۆرۈشكە زادىلا پېتىنالمىدىم.

خىجىلچىلىقتا قارىغاندا تېخىمۇ ئازابلىنارلىقى ئوڭايسىزلىنىش بولدى. ئوڭايسىزلىنىش كەچۈرمىشى «دۆلەت ئەھۋالى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى گېرمانىيەدە بىر ئائىلىدە مېھمان بولغانىدىم، ساھىبخانىنىڭ بالىلار باغچىسىدا ئوقۇۋاتقان قىزى ماڭا قىزىقىپ، بىرئاز كۆزەتكەندىن كېيىن مېنىڭدىن: «سىز نەدىن كەلدىڭىز؟» دەپ سورىغانىدى، مەن كۈلۈمسىرەپ: «جۇڭگودىن كەلدىم» دېگەنىدىم. ئۇ يەنە: «سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار جەنۇبتىن شىمالغا قانچە كىلومېتىر كېلىدۇ؟» دەپ سورىۋېدى، مەن داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم، قىزچاقنىڭ توق كۆك كۆزىگە قاراپ ئوڭايسىزلاندىم، قىزچاق ئۆز ـ ئۆزىدىن ماختانغان ھالدا: «بىزنىڭ گېرمانىيە جەنۇبتىن شىمالغا 870 نەچچە كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە 640 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ، قوشنا دۆلەتلەردىن دانىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە...»لەر بار دەپ بىر مۇنچە سۆزلەپ كەتتى. مەن دوستۇمنىڭ ئالدىراش تەرجىمە قىلىپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ، قىزچاقنىڭ ئاپىسىنىڭ پەخىرلەنگەن چىرايىغا قاراپ، راستلا دەرھال يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم.

روشەنكى، قىزچاق خۇددى جۇڭگودىكى بالىلار «كارىۋات يېنىدا چاقنار ئاي نۇرى» دەپ يادلىغانغا ئوخشاش، كىتابتىكىنى يادلاۋاتقانىدى. بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن مەن دوستۇمدىن: «شۇنچە كىچىك بالىغا بۇلارنى كىم ئۆگەتكەن؟» دەپ سورىغانىدىم، ئۇ: «بۇلار رەسىم كىتابلىرىدا بار، بالىلار باغچىلىرىدىمۇ ئۆگىتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە: «بۇلارنى نېمە ئۈچۈن ئۆگىتىدۇ؟» دەپ سورىسام: «ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەرگەن، ئۇنىڭ ئارقىدىنلا گېرمانىيەلىكلەر بىلەن سۆزلەشكەندە تېررىتورىيە مەسىلىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىلغا ئالماسلىقىمنى، گىتلېر توغرىسىدا سۆزلەشكە تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى، «گېرمانىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تېررىتورىيە كۆلىمىنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكىنى، بۇلارنى سۆزلەش خۇددى ئۇلارنىڭ يارىسىنى تاتىلىغانغا ئوخشاش ئىش» ئىكەنلىكىنى جېكىلىگەنىدى.

كېيىن بۇ كەچۈرمىشلەرنى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ، گېرمانىيە مائارىپىنىڭ شۇنچە «سىياسىي» تۈس ئالغانلىقىدىن چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدىم، ئامېرىكىنىڭ يېشىل كارتىسىنى ئالغان بىر دوستۇم: «ئامېرىكىمۇ ئوخشاش، قىزىم ئوقۇۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپمۇ ھەر كۈنى دۆلەت بايرىقى چىقىرىدۇ» دېدى.

ئەسلىدە بىز سىياسىي توغرىسىدا سۆزلىمەيدۇ، دەپ خاتا قاراشتا بولۇپ كەلگەن غەرب دۆلەتلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى بالىلار باغچىلىرى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىچە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلە باشلىقلىرى شۇنىڭدىن خۇشال بولىدىكەن، مەن شۇ چاغدا دۆلەت ئەھۋالىنى ياد سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى قىزچاق سورىغان «دۆلىتىڭلار جەنۇبتىن شىمالغا قانچە كىلومېتىر كېلىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمىغاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم، بۇ بىر خىل ناھايىتى تەبىئىي تەسىرات. چۈنكى، ئۇنداق سېلىشتۇرما ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشنىڭ بىر خىل ساپا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ھېچ بولمىغاندا بىر ئادەمنىڭ بىلىمىنىڭ كەم، تەلىم ـ تەربىيە سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

دۆلەت ئەھۋالى تەربىيەسىنىڭ يادروسى ئۆز دۆلىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۆز دۆلىتىنى سۆيۈشتىن ئىبارەت، بۇ بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ تەبىئىي ھېسسىيات بولۇپ، ھەرگىزمۇ مۇرەككەپ، چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس. ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن نېمە؟ جۇڭگونىڭ سۈيىنى ئىچىپ، جۇڭگونىڭ گۈرۈچىنى يەپ ئۆسۈپ يېتىلىش، بۇ زېمىننىڭ گۈللىنىش ياكى چۈشكۈنلىشىشنى ئۆزىنىڭ ۋە يېقىن كىشىلىرىنىڭ بەخت-سائادىتى بىلەن بىۋاستە باغلاش، دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقساڭ، مەيلى كىم بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، باشقىلار سېنى «جۇڭگولۇق» دەپ ئاتاش دېگەنلىك. «ۋەتەنپەرۋەرلىك نەچچە 100 مىڭ يىللاردىن بۇيان مۇستەھكەملەنگەن، ئۆز ۋەتىنىگە بولغان بىر خىل چوڭقۇر ھېسسىياتتىن ئىبارەت.»

شياڭگاڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى 2-نۆۋەتلىك زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەخلاق دەرسى ۋە مىللىي تەربىيە (国民教育) دەرسلىرىنى تەسىس قىلىش-قىلماسلىق توغرىسىدىكى مۇھاكىمە تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق، بەزى شياڭگاڭلىقلار مۇنداق دەرسلىكلەرنى تەسىس قىلىش «مېڭىنى يۇيۇش» دەپ قاراپ كەسكىن قارشى تۇرماقتا. ئەگەر جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دەرسلەرنى ئوقۇتۇشى «مېڭىنى يۇيۇش» بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا شياڭگاڭلىق باللارنىڭ قايسى دۆلەتنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئۆگىنىشى «مېڭىنى يۇيۇش» بولمايدىكەن؟ ئەگەر ئۆزدىنىڭ جۇڭگوغا مۇئامىلە قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىسى ۋە قارىشىنى باللارغا تېڭىپ، شياڭگاڭدىكى باللارغا پەقەت شياڭگاڭنىلا بىلدۈرۈپ، جۇڭگونى بىلدۈرمىسە، پەقەت جۇڭگونىڭ غەرب مەدەنىيىتىدىن ئارقىدا ئىكەنلىكىنىلا بىلدۈرسە، بۇ «مېڭىنى يۇيۇش» بولمامدىكەن؟ بۇ «مېڭىنى يۇيۇش»لا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ باللىرىنىڭ ئۈستىدە بالىغا زامىن بولغانلىق بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، دۆلەت ئەھۋالى تەربىيەسىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدۇ، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيەسى دەرسىنىڭ مەزمۇنىمۇ ھەرگىز مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىكى پۈتۈنلەي «ياشسۇن» بىلەن تولغان ئەمەس، بەلكى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىمەكتە. لېكىن مىللىي تەربىيە دەرسى تەسىس قىلىشنى «مېڭىنى يۇيۇش» دەپ ئەيىبلەش قارىسىغا ھۆكۈم قىلغانلىق بولىدۇ. شياڭگاڭلىق باللار جۇڭگونى چۈشىنىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى قىزغىن سۆيۈپ، 5000 يىللىق مەدەنىيەتنى، 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى قەلبىدە تۇتۇشى ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟

چېن شاۋشىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما شۇ چېكشۇنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن «خەلق گېزىتى چەت ئەل نەشرى»نىڭ 2012-يىلى 28-دېكابىردىكى سانىغا بېسىلغان، «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» 2013-يىللىق (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) 2-ساندىن **مۇسا ئەخمەت** تەرجىمىسى

# ھۆكۈمەت مەخپىيەتلىكنى كىم ئاشكارىلىدى

يېقىندىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن جۇ ھاكىم شۇ كۈنى كىچىك يېمەكلىكلەر بايىمىسىغا ئەتىگەنلىك تاماق يېگىلى بېرىپ، ئەمدىلا بىر ئورۇندۇق تېپىپ ئولتۇرۇشىغا پىلتە قۇيماق ساتىدىغان خۇ بوۋاينىڭ پىلتە قۇيماق پىشۇرغاچ: «كۆپچىلىك ئوبدان يەۋېلىڭلار جۇمۇ، بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى يايمىچىلارنى قوغلايدۇ، يوق دېگەندىمۇ ئۈچ كۈنگىچە مەن پىشۇرغان پىلتە قۇيماقنى يېيەلمەيسىلەر!» دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە: «بۇ بوۋاي ئۆلكىلىك سەھىيە نازارىتى رەھبەرلىرىنىڭ يېقىندا تەكشۈرگىلى كېلىدىغانلىقىنى قانداق قىلىپ شۇنچە بالدۇر بىلىۋالغاندۇ؟» دەپ ھەيران قاپتۇ.

بۇ ئىش ئېنىقلانماي تۇرۇپ، يەنە بىر ئىشنىڭ ھاكىمنىڭ كاللىسىدا تېخىمۇ چوڭ سوئال پەيدا قىلىشنى كىم بىلسۇن. بىر كۈنى ھاكىم ئادەتتىكىدەك خۇ بوۋاينىڭ يېنىغا پىلتە قۇيماق يېگىلى بېرىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن بوۋاي دەرۋەقە يەنە: «يۇقىرىدىن دەرھال چوڭ پاك ئەمەلدار كېلىدۇ. قايسىڭلارنىڭ ناھەق دېلوسى بولسا ناھىيەلىك ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىغا بېرىپ ساقلاپ تۇرۇڭلار!» دەپ خەۋەر تارقىتىپتۇ. جۇ ھاكىم ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى چارشەنبە كۈنى يىغىلىپ قالغان دېلولارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى كېلىدۇ، بۇ خەۋەر تېخى تونۇگۈن كەچ دائىمىي ئەزالار يىغىنىدا يەتكۈزۈلگەن تۇرسا، بۇ بوۋاي قانداق قىلىپ شۇنچە تېز بىلىۋالغاندۇ؟ دەپ قاتتىق ھەيران قاپتۇ.

قىلچە ساۋادى يوق بىر بوۋاينىڭ دەرۋەقە ھۆكۈمەتنىڭ شۇنچە كۆپ خەۋەرلىرىنى بىلگىنىدىن قارىغاندا، شۈبھىسىزكى، بەزى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئېڭى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئاغزى چىڭ ئەمەس ئىكەن. ھاكىم دەرھال يىغىن ئېچىپ، ئىدارە باشلىقلىرىنى، مۇدىرلارنى قاتتىق تەنقىدلەپتۇ. يەنىلا ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈرەكلىك ئىكەن، ئۇ چىداپ تۇرالماي ھاكىمدىن: «ئۇ خۇ بوۋاينىڭ ئىشىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىزمۇ ياكى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىغانىكەن، ھاكىم تەرىنى تۇرۇپ ئۈستەلنى ئۇرۇپ: «مەن ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم! قېنى ئېيتىپ بېقىڭچۇ، سىلەرنىڭ شەھەر ئەتراپى ساقچىخاناڭلار بۈگۈن كەچ كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرىنى تەكشۈرمەكچىمىدى؟» دەپ سورىغانىكەن، ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ھاكىم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، نەق مەيداندىلا: «سىز ئۆزىڭىز بېرىپ ئۇ بوۋاينىڭ زادى قانداق ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىقىنى تەكشۈرۈپ، ئەتە ماڭا دوكلات قىلىڭ!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەنىكەن، ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئارقا - ئارقىدىن «خوپ» دەپ دەرھال پۇقراچە كىيىنىپ خۇ بوۋاينىڭ يادىمىسىغا بېرىپ يوشۇرۇن زىيارەت قىلىپ بوۋاينىڭ: «بازار باشلىقىنى يېقىندا پالاكەت باسىدۇ، قاراپ تۇرۇڭلار، ئىش كىچىك ئەمەس...» دەپ كۆپچىلىككە يېڭى خەۋەر يەتكۈزۈۋاتقانلىقىدىن ناھايىتى ھەيران قاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، ھېچنېمە بىلمەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بوۋايدىن: «سىز قانداق بىلىسىز؟ ئەجەبا سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۇجىسىمۇ - يە؟» دەپ سورىسا خۇ بوۋاي پىخىلداپ كۈلۈپ: «مېنى قانداق بىلىسەن دەمسىز؟ ئۇ ئىلگىرى مېنىڭ پىلتە قويماقلىرىمنى يېگەن چاغلاردا، ھەر قېتىم شوپۇرىنى مەخسۇس ماشىنىدا ئەۋەتىپ سېتىۋالاتتى، بۇ ئىككى كۈندىكى ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، دەرۋەقە ئۆزى پىيادە كېلىپ يەيدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم غەمكىن يۈرىدۇ، ھېلىقى يىلى دادىسى ئۆلگەندىمۇ ئۇنىڭ ئۇنچىلىك كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى كۆرمىگەن. ئۇنى دادىسى ئۆلگەندىنمۇ يامان ئازابلايدىغان ئىش ئەملىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن باشقا، يەنە نېمە ئىش بولسۇن؟» دەپتۇ.

ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇ بوۋاينىڭ راستىلا خېلى دىتى بار ئىكەن، دەپ ئىچىدە ھەيران بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ داۋاملىق: «ئۇنداق بولسا تۈنۈگۈن ساقچىخانىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئورنىنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟» دەپ سورىغانىكەن، خۇ بوۋاي يەنە كۈلۈپ قويۇپ: «ھېلىقى بىر نەچچە كۆڭۈل ئېچىش ئورنىنىڭ سەھەردىلا تىجارەتنى توختىتىپ بېزەيمىز دېگەن ۋىۋىسكىنى ئاسقانلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ خەقنىڭ كۆزىتىدىغان ئادەملىرى بار، خەۋىرى بىزنىڭكىدىن تېز!» دەپتۇ. «ئۇنداق بولسا سەھىيە نازارىتى رەھبەرلىرىنىڭ تەكشۈرۈشكە كېلىدىغانلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟» دەپ سورىغانىكەن، خۇ بوۋاي: «سىز يۇقىرىدىن تەكشۈرۈشكە ئادەم كېلىشتىن باشقا ۋاقىتلاردا سۇ چېچىش ماشىنىلىرىنىڭ ئىشقا چۈشكەنلىكىنى قاچان كۆرۈپ باققان؟» دەپتۇ.

ئاخىرىدا ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كاللىسىدىن ئەڭ ئۆتمەيۋاتقان بىر مەسىلىنى سوراپ: «ئاڭلىشىمچە سىز ئالدىنقى قېتىم ناھىيەگە ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىدىن بىر خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىنمۇ ئەڭ بالدۇر خەۋەر تاپقانىكەنسىز» دېگەندە خۇ بوۋاي ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ: «بۇ ئىش تېخىمۇ ئاددىي. قوشنامنىڭ بىر دېلوسىنى ناھىيەلىك سوت مەھكىمىسى بېجىرمەي كەينىگە سۆرەپ كېلىۋاتقانلىقىغا سەككىز يىل بولغانىدى، لېكىن نەچچە كۈن ئىلگىرى دېلو بېجىرىدىغان سودىيە تۇيۇقسىزلا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوشنامنى يوقلاپ كېلىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ھال ئەھۋال سوراپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە دېلونى دەرھال ھەل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قايتا - قايتا ۋەدە بېرىپتۇ، مانا بۇنىڭدىن يۇقىرىدىن ئادەم كېلىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ خەقنىڭ يۇقىرىغا ئەرز قىلىشىدىن قورققانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ!» دەپتۇ.

ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قايىل بولغانلىقىدىن توققۇز تەزىم قىلىپ، دەرھال قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ھاكىمغا دوكلات قىلىپتۇ. ھاكىم ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولۇپ، دەرھال يەنە يىغىن ئېچىپ: «يولداشلار پىلتە قويماق ساتىدىغان بىر بوۋاينىڭ بەزى ئاددىي ئەھۋاللاردىن بىزنىڭ خىزمەت يۈزلىنىشىمىزنى كۆرۈۋالغانلىقى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بىزدە شەكىلۋازلىقنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ خىل ئەمەلدارلار سورۇندىكى يامان ئادەت ئۆزگەرتىلمىسە، ھۆكۈمەتنىڭ گۈزەل ئوبرازىنى قانداق يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؟ بۈگۈندىن باشلاپ قايسى ئورۇن يەنە مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، خۇ بوۋاي ئالدىن بىلىۋالىدىغان

ئىش بولۇپ قالسا يۈز - خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايمەن!» دەپ تۆت سائەت سۆزلەپتۇ.

ھاكىم ئەتىسى ئەتىگەندە يىغىننىڭ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ باقماقچى بولۇپ، يەنە خۇ بوۋاينىڭ يېنىغا پىلتە قۇيماق يېگىلى بېرىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن خۇ بوۋاي يەنە ئەڭ يېڭى خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ: «بۈگۈن يۇقىرىدىن چوڭ رەھبەر كېلىدۇ، كەلگەندىمۇ يالغۇز ئەمەس!» دەپتۇ. ھاكىم بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۆلكە رەھبەرلىرى شەھەر باشلىقىنىڭ ھەمراھلىقىدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگىلى كېلىدۇ، بۇنى ئۆزۈممۇ تۈنۈگۈن كەچ تېلېفوندا بىلگەن تۇرسام، بۇ بوۋاي قانداق قىلىپ بالدۇر بىلگەندۇ؟ دەپ قاتتىق ھەيران قاپتۇ ۋە ئاچچىقىنى زورىغا بېسىپ، خۇ بوۋايدىن سىلىق تەلەپپۇزدا: «سىز چوڭ رەھبەر كېلىدۇ دېدىڭىز. ئۇ زادى قانچىلىك چوڭدۇ؟» دەپ سورىغانىكەن، خۇ بوۋاي: «ئىشقىلىپ ھاكىمدىنمۇ چوڭ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھاكىم يەنە: «سىز كېلىدىغان رەھبەرنى يالغۇز ئەمەس دېدىڭىز، ئېنىق سانىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ زادى نەچچە رەھبەر كېلىدۇ؟» دەپ سورىغانىكەن، خۇ بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئويلىنىۋېلىپ، «تۆت!» دەپ كەسكىن جاۋاب بېرىپتۇ.

ھاكىم: «ئۆلكە، شەھەر رەھبەرلىرىدىن راستلا تۆت ئادەم كېلىدۇ!» دەپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ، يۈرىكى دۈكۈلدىگەن ھالدا يەنە: «خۇ ئۇستام سىز بۇ ئىشلارنى قانداق بىلدىڭىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى سانىنىمۇ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەيدىكەنسىز» دەپ سورىغانىكەن، خۇ بوۋاي پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ: «بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ مەن ئەتىگەن ئىشقا چىققاندا، يولدا چارلىغۇچى قوراللىق ساقچىلارنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىنى، ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىدىكى ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىغا ئاق پەلەي تاقاپ، كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كەلگەندەك قىياپەتتە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، بۇنداق بولغاندىكىن چوقۇم يۇقىرىدىن ئادەم كېلىدۇ دېگەن گەپ. ئاندىن كېيىن ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا قارىسام شۇجى بىلەن ھاكىمنىڭ ماشىنىسى بۇلۇڭغا توختىتىپ قويۇلۇپتۇ، ئۇنداق بولغاندىكىن چوقۇم ئۇلاردىن چوڭ باشلىقلار كېلىدۇ دېگەن گەپ. يەنە ئىنچىكىلەپ قارىسام شۇجى بىلەن ھاكىمنىڭ ماشىنىسى 5 -، 6 - نومۇرلۇق ئورۇندا تۇرۇپتۇ. بۇ يۇقىرىدىن تۆت رەھبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىشىنەمسىز؟ ئەمەلدارلار بىز پۇقرالارغا ئوخشىمايدۇ. ھاجەتخانىغا بېرىشتىمۇ دەرىجىسىگە قاراپ، ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە بارىدۇ!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھاكىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، پىلتە قۇيماق بىلەن توشقان ئېغىزىنى خۇددى قېتىپ قالغاندەك مىدىرلىتالماي، تىكىلىپ قاراپلا قاپتۇ.

لى خۇيىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما ئەسلىدە چېن لەنشىڭنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن «لۇڭ مىنجېن» ژۇرنىلىنىڭ 2012 - يىللىق 5 - سانىغا بېسىلغان، «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2012 - يىللىق (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) 8 - سانىدىن **مۇسا ئەخمەت** تەرجىمىسى

تىلماچ: مەملىكەتلىك «مۆتىۋەر تەرجىمان»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسىدىن.

# بىزدىكى ساختا مائارىپ

يېقىندا بېيجىڭدىكى بىر قانچە گېزىت ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مائارىپ توغرىسىدا باشلامچىلىق بىلەن شىكايەت قىلىش يىغىنى ئاچتى. «شىكايەت» دېسەك سەل كەسكىن كېتىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنى «مۇھاكىمە» دەيلى. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە ئىنتايىن كەڭ ئىنكاس قوزغىدى. دەرغەزەپتە يېزىلغان نۇرغۇن ماقالىلەر بىر مۇنچە گېزىتلەرنىڭ باش بېتىدىن ئورۇن ئالدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خېلى دىققىتىنى قوزغىغان ئوخشايدۇ.

مەن مۇكەممەل مائارىپ تەربىيەسىگە ئېرىشەلمىگەن بىر ئادەم. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئائىلە كېلىپ چىقىشىمىز ئوتتۇرا دېھقان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ كاتتىۋېشى بولغان مۇئەللىملەر بىلەن قارشىلاشقانلىقىمدىن مەكتەپ پۈتكۈزمەيلا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدىم. كېيىن قىسمىغا كېلىپ بىر مۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئاندىن قىسىمنىڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىندىم، مەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسخانىسىدا بىر كۈنمۇ دەرس ئوقۇپ باقمىغان، شۇڭا ھازىرقى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات مائارىپىنى ئاساسى جەھەتتىن چۈشەنمەيمەن، مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر قىزىم بار، ئۇ ھەمىشە مەندىن تىل - ئەدەبىيات جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلەرنى سورايدۇ. ئۇ بەلكىم دادام يازغۇچى بولغاندىكىن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىياتى مەسىلە-

لىرىگە ئويلانمايلا جاۋاب بېرەلەيدۇ، دەپ قارىسا كېرەك،
ئەمما ئۇنىڭ سورىغان مەسىلىلىرىگە بىرەر قېتىممۇ مۇئەييەن-
لەشتۈرۈپ جاۋاب بېرىپ باقمىدىم، ھەمىشە ئۆزۈمنىڭ
مۇجمەل جاۋابلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەڭ ياخشىسى مۇئەل-
لىمدىن سوراپ، مۇئەللىمنىڭ دېگىنىنى ئاساس قىلىشى كېرەك
ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. مېنىڭ ئۆزۈمگە ئىشەنمىگەنلىكىم ئوتتۇرا
مەكتەپنى قەدەم باسقۇچ بويىچە ئوقۇمىغانلىقىمدىن، شۇڭا ئۆ-
زۈمنى بەك كەمسىتىمەن. ئەمما مۇكەممەل مائارىپ تەربىيە-
سى ئالغان، ھەتتا تىل - ئەدەبىيات دەرسى بېرىۋاتقان كىشى-
لەرنىڭ يازغان ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆزۈمنىڭ ئۇلار بىلەن
ئۇنچە پەرقلەنمەيدىغانلىقىمدىن كۆڭلۈمدە ئاز - تولا تەسەللى-
گە ئېرىشكەندەك بولىمەن.

بۇ مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ،
ئاندىن قىزىمنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى بىر قۇر ۋاراقلاپ
بىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تىل - ئەدەبىيات مائارىپى-
مىزدا دەرسلىك ماتېرىيالىنى تاللاشتىن ئوقۇتۇش مەقسىتىگىچە
ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش سىستېمىسىنىڭ تولىمۇ مۇكەممەل
شەكىللەنگەنلىكىنى، بۇنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن
ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەزى ماقالىلەردە بىزنىڭ
نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزگەرمەي كەلگەن دەرسلىكلىرىمىز
تەنقىد قىلىنغان، ئەمەلىيەتتە دەرسلىك ماتېرىيالى پەقەت مائا-
رىپنىڭ مەقسىتىنىڭ مەھسۇلى، يەنى مائارىپ مەقسىتى قانداق
بولسا، شۇنداق دەرسلىك بولىدۇ دېگەن گەپ. «مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى، بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ مەقسىتى
«ھەم قىزىل بولۇشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان پرولېتارىيات ئىنقى-
لابىي ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى تەربىيەلەش» ئىدى. «مە-
دەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، سىياسىي شەكىللەرنىڭ
ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بەزى قاراشلار-
نىڭ ئورنى ئۆزگەردى، ئەمما ماھىيەتتە يەنىلا كونا سەنەم.
ۋاھالەنكى، مائارىپنىڭ مەقسىتىنى دەرسلىك تۈزىدىغان بىر
قانچە مۇھەررىر زىيالىيلار ھەل قىلالمايدۇ، مەن دەرسلىك
تۈزىدىغان بىر قانچەيلەننىڭ دۇدۇقلاپ سۆزلىگەن سۆزىدىن
دېمەكچى بولغىنىنى دېيەلمەيۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. دۆلەتنىڭ
مائارىپ مەقسىتىنىڭ شۇ قەدەر كۈچلۈك سىياسىي تۈس ئېلىپ
كېتىشى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دەرسلىكلەرنىڭ تۈزۈلۈشى-
گە سەۋەبچى بولغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دەرسلىكلەر «مە-
دەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىمۇ تەلتۆكۈس ئىنكار قىلىندى.
چۈنكى، ئۇ «قىزىللىشش»، «پرولېتارىيات» دېگەن تە
لەپكە يەتمىگەندى، شۇڭا پەقەت «ماۋجۇشى ئۈزۈندىسى»-

نىلا ئۆگىنىپ ئۆتكەن بولدۇق. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - يىل-
لىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا چوڭ فورماتلىق «ماۋجۇشى ئۈ-
زۈندىسى»نى تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىپ ئوقۇغان-
دۇق، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن،
يەنە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇرۇنقى دەرسلىكلەرنى
ئەتىۋارلاپ ھەممىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق. ئەمەلىيەتتە «مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى» تاسادىپىي يۈز بەرمىگەن، بەلكى
دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان كومپارتىيەنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتا-
لىقلىرى ئۇزاق مەزگىل يىغىلىۋەرگەچكە مۇقەررەر يوسۇندا
پارتلاشتىن بولغان. دېمەك، كومپارتىيەنىڭ «مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى»دىن بۇرۇنقى خاتالىقلىرى تىل - ئەدەبىيات دەرسلى-
كىمىزدە تولۇق ئىپادىلەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»-
دىن كېيىن كومپارتىيە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇ-
رۇنقى خاتالىقلىرىنى ئۈزلۈكسىز تۈزەتتى، ئەمما، تىل - ئەدە-
بىيات دەرسلىك ماتېرىيالىمىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگەرمىدى.
سىنىپىي كۈرەش تىلغا ئېلىنىشتىن قېلىپ ئاردىن ئۇزاق يىل
ئۆتكەن بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ تىل - ئەدەبىيات
دەرسلىكلىرىمىزدە يەنىلا «ئىنقىلابى» ماقالىلەر ئازلىمايدۇ ؟
دەپ كۈچلۈك زەربە بېرىدىغان ئەھۋاللار بارلىققا كەلدى. ئە-
دەبىيات ساھەسى جۇڭگونىڭ نەسرچىلىك ساھەسىگە نەچچە
ئون يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ھېلىقىدەك تىپلاشتۇ-
رۇش تۈسىدىكى نەرسىلەرنى كۈچلۈك تەنقىد قىلدى،
چۈنكى، ساختا قۇراشتۇرۇلغان بۇ ماقالىلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن با-
زىرى ئۆلگەن بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ دەرسلىكلىرىمىز ئۇنى
پارلاق ئۈلگە قىلدى. ئوقۇتقۇچىلاردا ساختا ھاياجان
قوزغاپ، ئۇلارنى كۈچلۈك «پرولېتارىيات»لىق ھېسسىياتنى
ئىپادىلەشكە قىستىسا، 90 - يىللاردىكى ئوقۇغۇچىلارنى مۇشۇ-
نىڭغا ئوخشاش ساختا، قۇرۇق گەپ بىلەن تولغان ماقالىلەرنى
تەقلىد قىلىشقا مەجبۇرلىدى. بەلكىم بۇ ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلى-
رى ئۇنى يازغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى ھەقىقىي ھېسسىياتىنى
بايان قىلغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە
ھازىر ھاياتلىرى بۇنداق ماقالىلەرنى يازمايدۇ، ئۇلارنىڭ
كومپارتىيەنىڭ خاتالىقلىرىنى تەنقىدلەپ يازغان ماقالىلىرى
بىزگە ئوخشاش «مەسلىسى بار» يازغۇچىلارنىڭ يازغان ما-
قالىلىرىدىنمۇ ئۆتكۈر. دەرسلىكلەرگە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن،
نەچچە ئەۋلاد جۇڭگولۇقلارنى تەربىيەلەپ كەلگەن ماقالىلەر-
نىڭ ئەڭ ياخشى ماقالىلەر ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ
ئېتىراپ قىلىشى ناتايىن. ئۇلارنىڭ ئەينى يىللىرى ئۆزلىرىنىڭ
«سولچىل» ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بارغان ئىجادى-

يەتلىرى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشمۇ ناتايىن. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئىجادىيىتىمۇ «ئادەمگەرچىلىك پۇرىقى»، «ساغلام بولمىغان مۇقام»لار تولۇپ تاشقاندۇر! بۇ ئەڭ «ئىنقىلابىي» يازغۇچىلار ئاللىبۇرۇن چىرايلىق كېپىنەككە ئايلىنىپ جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چېچىۋاتىدۇ، بىراق بىز يەنىلا باللىرىمىزنى ئۇلارنىڭ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ يازغان ماقالىلىرىنى ئوقۇشقا مەجبۇرلاۋاتىمىز.

ئۇزاقتىن بېرى، دۆلىتىمىزدە «ئىنسانپەرۋەرلىك»، «ئىنسان تەبىئىتى»گە «بۇرژۇئازىيە» ياكى «ئۇششاق بۇرژۇئازىيە»نىڭ ماركىسى چاپلىنىپ كەلدى، تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ مۇھەببەتنىڭ گېپى چىقسا رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولدى، ھەمىشە دېگۈدەك لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «جىيا جەمەتىدىكى جاۋدا لىن دەييۈنى ياخشى كۆرمەيدۇ» دېگەن گېپىنى نەقىل ئالىدىغان بولدى، ئەمەلىيەتتە لۇشۈن ئەپەندىمۇ جاۋدا ئەمەس، ئۇمۇ جاۋدا لىن دەييۈنى ياخشى كۆرمەيدۇ دەپ ئېيتالمايدۇ. كومپارتىيە شەھەرلەرگە كىرگەندىن كېيىن، سانسىزلىغان «جاۋ دا»لار ئائىلىلىرىنى ياخشىلاپ، كۆرمىگىلىغان «لىن دەييۈ»لەرنى خوتۇنلۇققا ئالدىغۇ. بىراق ئادەملەر رېئاللىققا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يۈزلىنەلمەيدۇ. لۇشۈن ئەپەندى AQ ئارقىلىق قىسمەن «مىللىيلىك»نى پاش قىلدى، لۇشۈن ئەپەندى يەنە ئۆتكۈر فېلىيەتونلىرى ئارقىلىق جۇڭگولۇقلاردىكى ساختىلىقلارنى ئېچىپ تاشلىدى. مانا بۇ تېخىمۇ ئادەتتىكى «مىللىيلىك»، چۈنكى، ساختا بولغاچقا بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن دىلىمىز بىردەك ئەمەس؛ چۈنكى، ساختا بولغاچقا، كىشىلەر نېمە دېسە شۇنى دەيمىز؛ چۈنكى، ساختا بولغاچقا، بىز ساھىبجامالارنى ياخشى كۆرسەكمۇ، ئەمما ئۇلارنى دەھشەتلىك بالايىئاپەت، دەپ قارايمىز، تېخىمۇ بەك قورقۇنچلۇقى ئۇزاق مەزگىل ساختىلىق بىلەن ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، ساختىلىقنى سەممىيلىك، دەپ قاراپ كەلدۇق. ئېغىزىمىزدىن چىقىۋاتقىنى ساپ يالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن قىلچە ئۇيالمىدۇق. مەسىلەن: مېنىڭ قىزىم چەت ئەلدە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن چىققانلارنىڭ ھېچقايسىسى قايتىپ كەلمەدى، مەن يەنىلا مەردانىلىك بىلەن قايتىپ كەلمىگەن ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنى تەنقىد قىلىمەن، مېنىڭ قىزىم چەت ئەلدە ياخشى ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما مەن كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ چىرىكلىكىنى ھەققانىي ۋە ئاچچىق سۆزلەر بىلەن تەنقىد قىلىمەن؛ بىز دەرسلىكتىكى نۇرغۇن ماقالىلەرنىڭ قۇرۇق، ساختىلىقىنى ئېنىق بىلسەكمۇ، ھەتتا بۇنىڭغا ئاپتورلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشەنمىسىمۇ، ئەمما بىز يەنىلا باللىرىمىزنى بۇنى ھەقىقەت، دەپ تونۇشقا مەجبۇرلايمىز. ھەر بىرىمىزدە ھېلىقىدەك «كېسەللىك ھالىتى»دىكى «بۇرژۇئازىيە» ھېسسىياتىنىڭ بارلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئەمما بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىدىكى بۇ خىل ھېسسىياتنى تازىلىماقچى بولىمىز، دەرسلىكلىرىمىزدە بەزى ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئۆزىنىڭ «بۇرژۇئازىيە» ھېسسىياتىنى ئېنىق ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۇلارغا مەجبۇرىي «پىرولېتارىيات»چە ئىزاھاتلارنى بېرىمىز.

مەسىلىنى يەنىلا مائارىپىمىزنىڭ مەقسىتىگە يۆتكىسەم، تىل-ئەدەبىيات مائارىپىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ھەرگىز ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تىللار بىلەن ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلدۇرۇش ئەمەس (بەلكى دەرسلىكتىكى شائىلىق نۇسخىلارغا تەقلىد قىلدۇرۇپ، «پىرولېتارىيات»لىق ھېسسىياتنى ئىزھار قىلدۇرۇش)؛ تەربىيىلىمەكچى بولغىنىمىز ئىدىيىسى «ساغلام» ئىز باسارلار، ھەرگىز ھېسسىياتى نازۇك «ئۇششاق بۇرژۇئازىيە» ئەمەس. بىز كېيىنكى ئەۋلادلارنى بولسا زاۋۇتتىن چىققاندەك بىر خىل قېلىپتىكى ياۋاش بالىلاردىن قىلىپ چىقىشقا رازىمىزكى، ھەرگىز ئىدىيە جەھەتتە ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىدىغان «باشقىچە» بالىلاردىن بولۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلمايمىز. دۆلەت كىشىلەرنى تەبىئىي پەن ساھەسىدە ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىش بىلەن بىللە، كىشىلەرنىڭ ئاڭ فورماتسىيە ساھەسىدە ئۆزگىچە يېڭىلىقلارنى، كەشپىياتلارنى يارىتىشنى ئۈمىد قىلمىسا بولمايدۇ. دۆلەتنىڭ دىن سىياستى بار بولۇپ، ماركسىزمغىلا ئەمەس، خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى ياكى بۇددا دىنىغا ئىشىنىشكە يول قويسىمۇ، ئەمما مەكتەپلىرىمىزدە غەيرىي ماركسىزملىق ئىدىيەلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. بۇلار بىزنىڭ دەرسلىكلىرىمىزنىڭ مۇقەررەر ھالدا كۈچلۈك سىياسىي تۈس ئېلىشىنى، تىل-ئەدەبىيات مائارىپى ئارقىلىق سىياسىي مائارىپ مەقسىتىگە يېتىشنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات سىياسىينىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغان. باللىرىمىزنىڭ يازغان ماقالىلىرىمۇ مۇقەررەر ھالدا دورامچىلىق، بىر قېلىپتا قۇيغاندەك، ئوخشاش «ھېسسىيات»نى ئىپادىلەپ، ئوخشاش بىر ھېكايىنى ئېيتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مەن قىزىمنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرىغىچە يازغان ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ھېچقانچە چوڭ ئۆزگىرىش يوق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئەمما ئۇنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچ-

سىنلىك تاپشۇرۇقى بويىچە يازغان، ئۆزىنىڭ ئىمتىھانغا قىلچە پايدىسى تەگمەيدىغان ئەدەبىي خاتىرە بىلەن كۆڭۈللۈك خاتىرىلىرىدىن ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي تالانتىنىڭ ئاز - تولا ئۇچقۇنلىرى بىلەن بويىغا يېتىش ئالدىدا تۇرغان بىر قىزنىڭ ھەققىي ھېسسىياتى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ باللىرىمىزغىمۇ چۈشىنىشلىك، ئىمتىھاندا يېزىلغان ماقالىلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان گەپ، ساختا ھېسسىياتلار بىلەن تولغان بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا سىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن، دەپ ئويلىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ بۇ خىل تەربىيەلەش ئۇسۇلىمىز كېيىنكى ئەۋلادلارنى ماركسىزمدىن باشقا ھېچنېمىگە ئىشەنمەيدىغان «قىزىللاشقان ئىز باسارلار»نى تەربىيەلەش بولىدىكەن، ئەمىسە مۇشۇنداق كېتىۋېرەيلى! بىراق پاكىتنىڭ ئەكسىچە، باللار ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىلا مائارىپنىڭ ساختىلىقىنى تونۇپ يەتتى، شۇنىڭ بىلەن «ھەقىقىي گەپ»نى قىلمايدىغان ماھارەتنى ئۆگەندى، ئەگەر ئۇلار مەكتەپتىن ئايرىلىپ مۇرەككەپ جەمئىيەت قوينىغا يول ئالىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قىيىن.

ئىنچىكە ئويلايدىغان بولساق، بىزنىڭ باللىرىمىزدا ئىككى خىل پوزىتسىيەدە ماقالە يازىدىغان ئەھۋال بار، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇزاققا سوزۇلغان فېئوداللىق جەمئىيەتتە، باللار ئىمتىھاندا بىر خىل يېزىقچىلىق پوزىتسىيەسىدە كونا ئەندىزىدە ماقالە يازسا، يەنە بىر خىل پوزىتسىيەدە قاپىيە، ۋەزىنگە كەلتۈرۈپ شېئىر، ھېكايىلەرنى يازىدۇ. كونا ئەندىزىدە يېزىش رەسمىي كەسىپ، بۇ شەخسنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك؛ قاپىيە، ۋەزىنگە كەلتۈرۈپ شېئىر، ھېكايە يېزىش قوشۇمچە كەسىپ، «كۆڭۈلچى ئۆلىمالارنىڭ غەيرىي رەسمىي تەرجىمھالى» دېگەن ئەسەردە، لۇ بىيەنشۇ ئائىلىسىنىڭ قىزى ئۆزىنىڭ توي قىلماقچى بولغان يىگىتىنىڭ شېئىر يېزىشتىن خەۋىرى بولسىمۇ، ئەمما كونا ئەندىزىدىكى ماقالىلەرنى يازالمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئاچچىقىدا نەق مەيداندا ھوشىدىن كېتىدۇ، بۇنىڭدىن كونا ئەندىزىدىكى ماقالىلەرنى يازالمايدىغانلارنى قىزلارمۇ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ چاغدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئاز - تولا نەتىجىسى بولسا مۇنداق ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى: بىرىنچى خىلدىكىلىرى، كېجۈي تۈزۈمدىن (قەدىمكى ئىمتىھان تۈزۈمى) ئۈمىد ئۈزگەندىن كېيىن ئىچىدىكى غەزەپلىرىنى ئەدەبىيات ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: پۇسۇڭلىڭ. ئىككىنچى خىلدىكىلەر، ئىمتىھاندىن رازى بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلدارلىق سورۇندىن رازى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن جاھاننىڭ ئەلىك چېتىگە كېتىدۇ، قورسىقى ھەر ھالدا تويۇپ ئۆتسىمۇ، بىكار ۋاقىتلاردا شېئىرلارنى يېزىپ قەلبىدىكى ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەپ يىللارنى ئۆتكۈزىدۇ، مەسىلەن، سۇ شى. ئەلۋەتتە ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىپ كېلىۋاتقىنى ئۇلارنىڭ شېئىرى، ھېكايىلىرى، ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئېلان تاختىسىغا چىقىرىپ قويغان كونا ئەندىزىدىكى ماقالىلىرى ئەمەس، ئەلۋەتتە كېجۈي ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ جىنشىلىققا كىرگەنلەر كۆرمىڭ بولسىمۇ، بىراق تارىخنىڭ ئۇزاق ئېقىنىدا ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى كۆمۈلۈپ كەتتى، ئەمما پۇ سۇڭلىڭنىڭ ئىسمى ھازىرغا كەلگىچە ئۆچمەي يادلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ باللىرىمىز ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھېلقىدەك ئۇسلۇبتا ئىمتىھاندا يازغان ماقالىلەرگە ئوخشاش ماقالىلەرنى يېزىپ ئولتۇرماسلىقى مۇمكىن. خۇددى بىر پارچە خىش بىلەن ئىشىكنى ئۇرۇپ، ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن خىشنى تاشلىۋەتكەنگە ئوخشاش. 90 - يىللاردىكى تىل - ئەدەبىيات مائارىپى ئەسلىي ئوقۇغۇچىلارغا خۇددى خىشنى ئويۇپ ھەيكەل ياساتقانغا ئوخشاش بۇنداق كۆپ كۈچ سەرپ قىلماسلىقى كېرەك ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بىلەن تولۇق ئوتتۇرىغا ئۆرلەش ئىمتىھاندا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئىسلاھات بولغاندا، تىل - ئەدەبىيات دەسلىكلىرىمۇ كىشىلەرنى رازى قىلىدىغان دەرىجىدە تۈزۈلسە، بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭمۇ مۇقەررەر ھالدا ئەدەبىيات ساپاسى ئۆسەرمۇ؟ بۇ ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى بولارمۇ؟ مېنىڭچە بۇمۇ ناتايىن. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، گەرچە بىزدە ياخشى مائارىپ، ياخشى ئىمتىھان ئۇسۇلى بولسىمۇ، ئەمما بىزدە ئۇنداق ياخشى، ئۇنداق لاياقەتلىك ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بولۇشى ناتايىن. ياخشى مۇئەللىم ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە ئۈلگە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا كىتاب - ماتېرىياللاردا يوق نۇرغۇن نەرسىلەرنى بېرىدۇ. ياخشى مۇئەللىم نەدىن كېلىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئاساسلىقى پېداگوگىكا مەكتەپلىرى يېتىشتۈرىدۇ. شەھەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى مەن تازا چۈشەنمەيمەن، ئۆزۈم ياشىغان يېزىغا نىسبەتەن ئېيتسام، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ئارزۇ تولدۇرغاندا پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇشنى يازمايدۇ. پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىنىڭمۇ بېرىپ مۇئەللىم بولۇشى ناتايىن. جەمئىيىتىمىزدە ئەڭ يۇقىرى كەسىپنىڭ يەنىلا ئەمەلدار بولۇش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئەمەلدارنىڭ مائاشى ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشىدىن يۇقىرى بولمىسىمۇ، ئەمما ھەرقانداق ئادەم كۆپ ساندىكى ئەمەلدارلارنىڭ مائاشىغا تايىنىپ

قورساق باقمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار قانۇنلۇق ھالدا ئەڭ ياخشى نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلار خىيانەت قىلمىسىمۇ، پارا ئالمىسىمۇ پۇقرالاردىن ياخشى ياشايدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئىش ئورنىدىن قالسا ئەمما ئەمەلدار قالمايدۇ. بىز پات - پات مەلۇم جايدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى تۇتۇۋاپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز، ئەمما ھازىرغا كەلگىچە مەلۇم جايدا شۇجى ياكى ھاكىمنىڭ مائاشىنى تۇتۇۋاپتۇ، دېگەننى ئاڭلاپ باقمىدۇق. بىر ئوقۇتقۇچى ئەڭ نامرات بىر يېزىغا يېزا باشلىقى بولسا، ئۇنى كاتتا زىياپەتلەر بىلەن تارتۇقلايدۇ، ئەكسىچە بىر يېزا باشلىقىنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ قويسا ئۇ ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەمنىڭ ئەمەلدار بولۇشىمۇ ناتايىن. مۇشۇنداق رېئاللىق ئالدىدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ناھايىتى قىيىن. ياخشى دەرسلىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ياخشى ئوقۇتقۇچى بولمىسا ھېچنېمىگە دال بولمايدۇ. مېنىڭچە بىزنىڭ تىل - ئەدەبىيات مائارىپ ئىسلاھاتىمىز ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. قاچانكى ئەمەلدارلارنىڭ ئوقۇتقۇچى بولغۇسى كەلگەندە، تىل - ئەدەبىيات مائارىپىدا ساقلانغان بۇ مەسىلىلەرلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن چوڭ مەسىلىلەرمۇ ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

مېنىڭچە تىل - ئەدەبىيات سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، كۆپلەپ كىتاب ئوقۇش ئىنتايىن مۇھىم. نۆۋەتتە مائارىپ خىراجىتى ئومۇميۈزلۈك قىس بولغان ئەھۋالدا، مەكتەپلەرنى كۆپلەپ پۇل چىقىرىپ كىتاب سېتىۋېلىشقا ئۈندەش رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش تىل - ئەدەبىيات دەرسلىك ماتېرىيالىنى «خەنزۇ تىلى» ۋە «ئەدەبىيات» دەپ ئىككى خىلغا بۆلمەيمىز؟ مەن كىچىكلا مەكتەپتىن قېلىپ ئۆيدىكى چېغىمدا، قېرىنداشلىرىمنىڭ «ئەدەبىيات» كىتابىنى تەكرار - تەكرار ئوقۇپ، ناھايىتى چوڭ نەپ ئالغانىدىم. مېنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىي ھەۋىسىم ۋە ئەدەبىي تەربىيەلىنىشىم ئاشۇ «ئەدەبىيات» دەرسلىك كىتابىدىن باشلانغانىدى، ئۇنىڭدىن سىرت، مېنىڭچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۇنچىۋالا كۆپ گىراماتىكا ۋە لوگىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ بىلىملەرنى ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا بارغاندا ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ. بىر ئادەم ياش ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە تىلغا بولغان بىر خىل تۇيغۇنى يېتىلدۈرمىسە، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر چىرايلىق ماقالىلەرنى يېزىپ چىقىشى ناھايىتى قىيىن. گىراماتىكا، لوگىكا تۈرىدىكى نەرسىلەرنى 80 ياشقا كىرگەندىمۇ ئۆگەنسە بولىدۇ. بەلكىم ئۇزاق يىللىق تىل ئىشلىتىش ئەمەلىيىتىدە ئۆگىنىمىكى تېخىمۇ ئاسانغا توختايدۇ. باللارغا قۇرۇق، مەنىسىز لوگىكا، گىراماتىكىلارنى ئۆگىتىش شەك - شۈبھىسىزكى، بىر ئازابلىق ئىش. بىز تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى بۇلارسىزمۇ تامامەن ئاجايىپ مەزمۇنلۇق ئۆتۈۋېتەلەيمىز. ئەمەلىيەتتە كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆمۈر بويى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنىڭ گىراماتىكىسىنى ئىشلىتەلمەيدۇ، گىراماتىكىدىن ئانچە خەۋىرى يوق بىر ئادەممۇ ئانا تىلىدا تامامەن سۆزلىيەلەيدۇ ۋە يازالايدۇ. ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىكەنمىز ئەمىسە نېمە ئۈچۈن بۇنچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىمىز؟ ئەگەر بىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات مائارىپى مۇشۇنداق ئىسلاھ قىلىنىدىغان بولسا، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ بىر سەۋەبى كۆپەيگەن بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىنىڭ تەربىيەلەيدىغىنى خەنزۇ تىلى گىراماتىكىسى ۋە خەنزۇ تىلى لوگىكىسىغا كامىل مۇتەخەسسىسلەر، ئۇلار خەنزۇ تىلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇلار مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن جۇڭگولۇقلارغا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىدۇ ھەم چەت ئەللىكلەرگىمۇ خەنزۇ تىلى ئۆگىتىدۇ. ئۇ چاغدا ھازىرقىغا ئوخشىمايدۇ، بىر پارچە ماقالىنى باشلانغۇچنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ، ھەتتا ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ تەڭ ئۆگىنىدىغان، مېنىڭچە ئەگەر تىل - ئەدەبىياتنى پىيانىنوغا ئوخشاتساق، ئۇنداقتا بىر مۇنچە ئادەملەر پىيانىنونى قانداق ياساشنى، قانداق رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىشى، مۇتلەق كۆپ ئادەم چېلىشنى ئۆگەنسىلا بولدى، شوپېن پىيانىنونى قانداق ياساشنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. شىن سۈنۋېن گىراماتىكا توغرىسىدا بىرەر پارچە كىتاب يازالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما گىراماتىكا توغرىسىدا نۇرغۇن كىتاب يازغان لۈ شۇشياڭنىڭ تېخى ھازىرغىچە كېلىشتۈرۈپ بىرەر پارچە ئەسەر يېزىپ باققىنىنى كۆرمىدۇق.

1999 - يىل

خەيتيەن نەشرىياتىدىن 2007 - يىلى 9 - ئايدا نەشر قىلىنغان «مو يەننىڭ نەسر، ئەدەبىي خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتىن

**شۆھرەت مۇھەممەدى** تەرجىمىسى

تىلماچ: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى تەرجىمە تەھرىرلىك باشقارمىسىدا.

# تەپەككۇر مېۋىلىرى



## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ باشقىلاردىن مېنى چۈشەنمىسىز دەپ سوراشتىن ئاۋۋال، ئادەم ئۆزىدىن مېنى چۈشەنمىسىز دەپ سوراش ياخشىراق.

▲ بىر بەختسىز ئادەم بەختتىن سورىدى:

— سەن نېمىشقا ماڭا دائىم ھومىيىپ قارايسەن؟

بەخت:

— تەكەببۇرلۇقىڭدىن مېنى كۆرمەي دەسسەپ ئۆتكەنلىكىڭدىن.

▲ بىزنىڭ خۇدىمىزنى بىلمەي قاقاھلاپ كۈلگىنىمىز — بولدۇقلاپ ئۆكسۈپ يىغلىشىمىزنىڭ خېمىر تۇرۇچى، خالاس.

▲ بەكمۇ يېقىنلىشىش بەكمۇ ئۆچ بولۇشنىڭ ھۇلى.

▲ تەسەللىنى ئۆزىدىن ئىزدىيەلىگەن كىشى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئادەمدۇر.

## تەپەككۇر دۇنياسى

▲ باشقىلارغا يېقىنلىشىش، كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئىگە بولۇۋالغان ساختا پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزى ئۈچۈن سىرتماق.

▲ كۆپ كىشىلەر ئالدىدا يالغان سۆزلىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلالىغان ئادەم ھەقىقىي راستچىل ئادەمدۇر.

▲ سەن پۈتكۈل ئالەمنى قەلبىڭگە سىغدۇرالىساڭ، ئاندىن مېنى سۆيەلەيسەن. سۆيگۈ ئەنە شۇنداق كەڭ قورساقلىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

▲ يېڭىلاش قولىدىن كەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىجاد قىلىشمۇ مەڭگۈ قولىدىن كەلمەيدۇ.

▲ — سەن ئۆلۈمنى چاقىرغانلارنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟!

— ئارزۇ-ئارمانسىزلىق ھالەتكە كېلىپ قېلىش ئۆلۈمگە قەدەم باسقانلىق ئەمەسمۇ؟!

▲ بىرسىگە يول باشلايمەن دېگەندىن كۆرە بىلىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويىمەن دېگەن تۈزۈك.

▲ بەزىلەر سۈكۈتنىڭ ئۆزىنى جاۋاب دەيدىكەن، مەن دەيمەن: سۈكۈت ئىچىدە پارتلاپ چىقالمىغانلار سۈكۈت ئىچىدىكى ھالاكەتلەرنى كۈتۈڭلار.

▲ گۈل ئېيتتى: — ئادەملەر دائىم مېنىڭ پۇرىقىم بىلەن رەڭگىمنى سۆيۈپ تىكەنلىرىمدىن نېمىشقا قاچىدۇ؟!

تىكەن ئېيتتى: — چۈنكى ئادەملەر سېنىڭ قىممىتىڭنى ئاشۇرۇپ تۇرۇۋاتقىنى دەل «مەن» ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالغان.

▲ كىمكى ساختا نىقابلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ چىن قىممىتىنى كۆرسىتىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ قىممىتى ئاران يېرىم يارماقلا ئەرزىسىمۇ، مەن ئۇنى ھەرگىزمۇ كەم سۇندۇرمايمەن.

▲ ئۆزىگە رەھىم قىلغۇچىلار تەقدىرنىڭ ئالقىنىدىن مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئۆلچىيەلەيدىغان ئادەم ئەڭ قۇدرەتلىك ئادەمدۇر، ئۇنىڭ قۇدرەتلىكى دەل ئۆزىنى بىلگەنلىكىدە.

▲ بەختسىزلىكىدىن ۋايسىغانلارغا كۈلگۈم كېلىدۇ، ئۇلار بىر پۇتلۇقلارنىڭمۇ ئۇسسۇل ئوينىغىنىنى كۆرمىگەنمىدۇ؟

▲ ئەگەر ئەقىللىق دۈشمەن بولسا رەقىبىنىڭ جاپاغا ۋاپا بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشىدىن نومۇس قىلىدۇ.

▲ ئۆزىنى خۇشال قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم باشقىلارغا ئازار ۋە كۈلپەتتىن باشقا ھېچنېمە بېرەلمەيدۇ.

▲ ئىرادە — ئىزدىنىشنىڭ تۇغۇت ئانىسى.

▲ بىز دائىم مەغلۇپلارنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلىمىز، لېكىن ئۈمىدسىزلەرنى دىققەت سىرتىغا قويىمىز.

▲ مەن باياۋاندا ئېچىرقاپ كەتكەن شىرغا ئوزۇق بولۇشقا رازىمەنكى، لېكىن تۆگە ئۈستىدە مۈگدەپ يۈرۈشنى خالىمايمەن.

▲ نومۇس قىلىش بىلەن ئىزا تارتىشنى بىلمىگەن ئادەمدە غەيرەت-جاسارەت تۇنجۇقۇپ قېلىۋېرىدۇ.

▲ بەختسىزلەرنىڭ بەختسىزلىكىگە ئەمەس، شىجائەتسىزلىكىگە ئېچىنىش كېرەك.

▲ ھەقىقىي مۇھەببەت ئىگىسى سۆيگۈنىنىڭ كۆزلىرىدىن پۈتكۈل كائىناتنىڭ گۈزەللىكىنى سېزەلەيدۇ. لېكىن، بۇ كۆزى ئوچۇقلارنىڭ ھەممىسىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ.

▲ كېسەل ئادەمگە تاماق تېتىمىغاندەك مەنىۋىيىتى پۇچەك ئادەمگە ھاياتتىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىمۇ خۇنۇك كۆرۈنىدۇ.

▲ مەنىۋى گادايلىق زىننەتنى، گۈزەللىكنى ھامان تەندىن ئىزدەشكە ئۈندەيدۇ. ئادەم مەنىۋى جەھەتتىن تويۇنسا ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە مۇستەقىل ياشايدۇ.

▲ ئادەم ئۆزى ئۆزىگە نۇرلۇق چىراغ. بۇ «چىراغ» ئادەم ئۆزىگە تايانغاندىلا يانىدۇ.

▲ ئۆز-ئۆزىگە ئىسيانكارلىق روھ بولمىسا، چۈشنى چۈشەشنىڭ ئورنىغا رېئاللىققا جەددىي قارايدىغان جاسارەت بولمىسا جېنى يوق تەندىن نېمە پەرقى؟!

▲ ھەممە ئادەم بۈگۈنگە بۈگۈن بىلەن قاراش كېرەك، تۈنۈگۈن سېنىڭ قولۇڭدىن كەتتى. ئۇ ئەمدى ساڭا نىسبەتەن ئۆتمۈش، ئەتە بولسا كېلەچەك، بۇلار ئىچىدە پەقەت بۈگۈنلا ساڭا تەۋە بولغان قىممەتلىك تەئەللۇقاتىڭ.

▲ ھەر بىر ئادەم بىر مۆجىزىگە ئوخشايدۇ، ئەمما، ئۆزىنى بىلمىگەنلىك سەۋەبىدىن قىممەتسىز يارماققا ئوخشاپ قالىدۇ.

▲ ھەر بىر ئادەم ئىچىدىن مەنىۋىيەتتىن تويۇنۇشى كېرەك، بۇ ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان گىرىم.

▲ ئائىلە دېگەن بىر كىچىك ئىمپېرىيە، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى «پۇل» بولۇپ قالىدىكەن، مانا بۇ قىيامەت.

▲ ھەددىدىن زىيادە پەننىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىش ۋىجداننى قۇرۇۋداپ قويىدۇ.

▲ ئادەمنى زامانىۋىلاشتۇرغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئادەمنىڭ ۋاستىسىنى زامانىۋىلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

**— نۇرمۇھەممەت ئابدۇۋەلى**

ئاپتور: يەكەن ناھىيەلىك تاغارچى يېزا مەركىزى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.

▲ ھەرقانداق ئۇنۋان ئىگىسى ئالغان ئۇنۋاننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەلمىسە، بۇنداق ئۇنۋان يامغۇردىن كېيىنكى بۇلۇتقا ئوخشاش بولىدۇ.

▲ قىسماقنى چاشقان ئىجاد قىلغان، جازانى جىنايەت ئىجاد قىلغان.

▲ ناچار ئەخلاق مەنىۋى جەھەتتىكى يۇقۇملۇق كېسەل.

▲ ساختىلىققا يولۇققان بىر قېتىم زىيان تارتسا، ساختىلىق قىلغۇچى مىڭ قېتىم زىيان تارتىدۇ.

**— قادىر يۇنۇس**

ئاپتور: قارىقاش ناھىيە سۇ ئىشلار ئىدارىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى

## تەپەككۇر چۇقانلىرى

▲ ئامانەتنى ساقلىمىغان، سىرىڭنى ئەڭ كۆپ سورىغان ئادەم — چوقۇم خائىندۇر.

▲ ھەقىقەت — ھەقنى تونۇيدىغان ئادەملەر ئارىسىدىلا ئەڭ توغرا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

▲ قاچانكى، ئادەملەر قەدىر - قىممەتنى بايلىق بىلەن ئۆلچەيدىغان بولدى، دەل شۇ كۈندىن باشلاپ نامراتلىششقا باشلىدى.

▲ كىمگە ياخشى بولۇش ئۈچۈن ئەمەل قىلغان بولساڭ — مۇكاپاتنى شۇنىڭدىن كۈت.

▲ پەرەز — ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشقا يارىمايدۇ.

▲ كۆڭلى توق ئادەمنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئاسان بولىدۇ.

▲ ئەگەر نىيىتىمىزنى توغرا قىلساق، ئۆزىمىز ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەردىنمۇ خۇشاللىق، بەخت ھېس قىلالايمىز.

▲ ئىپلاسلارچە ياشىساڭ پانىيدىلا ئەمەس، باقىيدىمۇ خورلىنىسەن.

▲ يوق نەرسىلەرگە ئىنتىلمەي، ئۆزىمىزدە بار نەرسىلەرنى قەدىرلەپ ياشىساق، ئۆزىمىزنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەن بولاتتۇق.

▲ ئەزىزلىك — خىزمەتتە ئەمەس، بىز ياراتقان قىممەتتە بولىدۇ.

▲ قىممىتىڭ بولغان يەردە ھۆرمىتىڭمۇ بولىدۇ.

▲ دېگىن — ئۆزۈڭ ئاۋۋال قىلغىن، چەكلىگىن — ئۆزۈڭ ئاۋۋال يانغىن. بۇ ھەممە ئادەم ئۈچۈن بەك مۇھىمدۇر.

▲ نەتىجەڭ ئۈچۈن ھەسرەتلىنىۋاتامسەن؟ بولدى قوي، ئەقىدەڭ ئۈچۈن ئازابلىنىپ — ھەسرەت چەككىن.

— ئامانۇللا ھىزبۇللا

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنىي مەكتىپىدە.

## ھەر تىنىقتا بىر سادا

▲ «زامانغا بېقىپ ئىش تۇتىمەن» دەپ ئۆزىنىڭ ياشاش ئېتىقادىدىن يۈز ئۆرۈش، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش ئۆزىگە دۈشمەنلىك قولىنى سۇنۇپ گېلىنى بۇغقان بىلەن باراۋەردۇر.

▲ ئەرزىمەس مۇھەببەت ھىجرانلىرىدا كۆيۈپ كۈل بولغاندىن، ئاقىل دەردمەنگە مۇڭداش بولۇپ ھاياتلىق يولىدىن يېڭى مەنە تاپقان ئەلا.

▲ ھاياتلىق داۋانلىرى ئاچچىق قىسمەتلىرى بىلەن ئىنسانىي تۈرلۈك قىيىن سىناقلىرىدا سىنايدۇ. ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەر ئۆزلۈك روھىنى يوقاتقان ھالدا كۆز ياش ئارقىلىق ئۆزىنى ناتىۋان كۆرسىتىپ ئەقىدىسىنى خارلايدۇ. ئۆزىنى خارلىغانلارنىڭ بەختى ئاللىبۇرۇن قىممىتىنى يوقاتقان بولىدۇ.

▲ ئىنسان ئۆز ھاياتىدا خىيالنىڭ قۇلى بولۇپ ياشىماسلىقى، «بەختىم قاياقتىن كېلەركىن» دەپ كۈن ساناپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەسلىكى، ھەر قاچان يادىدا «بۇ ھايات ئىنسانغا پەقەت بىر قېتىملا نېسىپ بولىدىغان»لىقىنى ئەستە چىڭ تۇتۇشى، «ئۈزۈمە پىش ئاغزىمغا چۈش»تىن ئىبارەت تەييار تاپلىق خاھىشىدا بولماسلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

▲ مۇقەددەس ئېتىقاد تۇپەيلىدىن قۇربان بولغان ئادەمنىڭ روھىنى زېمىن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئىرادە بىلەن تىكلەنگەن باشنى زورلۇق كۈچىدە ئەگدۈرگىلى بولمايدۇ. ئىشەنچ بىلەن پىداكارلىقتا غەزەپتە تىكىلگەن كۆزنى قۇم چېچىپ يۇمدۇرغىلى بولمايدۇ. ۋىجدان ۋە غۇرۇر بىلەن سۆزلەنگەن سۆزنى توختاتقىلى بولمايدۇ. گەرچە ئېغىز يۇمۇلسىمۇ يۈرەك سۆزلەۋېرىدۇ.

▲ گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ھاڭ يوق. پەقەت ۋىجدانەن تونۇش بار. گۈزەللىككە ئىنتىلگەن كىشىلەر روھىنىڭ پاكلىقى، ئېتىقادتا تەۋرەنمەسلىكى، شادلىقى، ئۈمىدكە ۋە ئارزۇغا تولغانلىقىنى بىلىپ يېتىش كۇپايە. رەزىللىككە بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ روھىدا ئەكس ئېتىدىغىنى پەقەت نادانلىق، شاللاقلىق، مەغرۇرلۇق، ھۇرۇنلۇق ۋە ھەقنى تونۇماسلىق — خالاس.

▲ كۆپ سۆزلەنگەن سۆزنىڭ مېغىزى يوق، كەلكۈن سۈيىنىڭ ئېغىزى يوق.

▲ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى مەكتەپ شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇلماي ئېلىپ بېرىلىدىكەن، مۇنبەردىكى ئوقۇتقۇچىلار بەئەينى قونچاققا ئوخشاپ قالىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ رەزىللىكىنى گۇماندىن، ھۇقۇشنىڭ ۋەيرانچىلىقىنى ئورماندىن بىلىش مۇمكىن.

▲ شىرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن ئالدىغا بىر پارچە گۆش تاشلاش كېرەك. گەرچە گۆش سېسىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا شىرنى بويسۇندۇرۇشقا يارايدۇ.

▲ نەشتەردەك سوغۇق ئادەمنى سىرتىدىن توڭدۇرسا، نەشتەردەك ئاچچىق تىل ئادەمنى ئىچىدىن سىرتماقتا بوغدۇرىدۇ.

▲ ھاجەت چۈشكەندە بېشىنى ئېگىپ سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ، ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك، پىششىق - توڭ ھەممىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايدىغان كىشىلەرنىڭ ھالىنى سېنىڭ بېشىڭغا كۈن كەلگەندە كۆرۈپ باق.

— ئابلەتجان قادىر

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيەلىك تولۇق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن

## تەپەككۇرۇمدىن تەرمىلەر

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى كەڭ قەلەمكەش ئاپتورلارنىڭ تەپەككۇر جەۋھەرلىرى، ئىجادىيەت پىكىرلىرى، تەجرىبە - سەرگۈزەشتىلىرى، قىممەتلىك مۇلاھىزىلىرى سىڭگەن مېۋە ماكانى.

▲ سەن باسقان خاتا بىر قەدەم، سېنى مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا، تەگسىز ھەسرەت زىندانىغا تاشلايدۇ.

▲ ئېرىنگەندىن قورقمىساڭمۇ، ئېلىنگەندىن قورق.

▲ ئۈمىدۋارلىق گويا بىر تال شامغا ئوخشايدۇ.

▲ ياخشىنىڭ ئېتى تولا، يامانىنىڭ گېپى.

▲ باشقىلاردىن ئاغرىنىشتىن بۇرۇن مەن نېمە قىلدىم دېگەننى ئويلا.

▲ چىرايلىق خوتۇن ھۆسنىگە، ئەقىللىق خوتۇن ئۆزىگە ئىشىنىدۇ.

▲ بۇلغانغان (مەينەت) يۈزنى يۇغىلى بولغان بىلەن، بۇلغانغان نامىڭنى (يۈزىڭنى) مەڭگۈ يۇيالمايسەن.

▲ بىلىم — تىرىشساڭ، ئىزدەنسەڭ يول؛ ئىنتىلسەڭ — پۇل.

▲ بالاڭدىن ئىمتىھاندا قانچە نومۇر ئالدىڭ دەپ سورىماي، قانچىلىك ئەمەلىي بىلىم ئالدىڭ دەپ سورا. مانا بۇ ھەقىقىي تەربىيە، ئەمەلىي بىلىم.

▲ «قەدىرلىمىگەن» پۇرسەت پۇشايماندۇر.

— ئەزىمەت مەشرەپ (تاجىك)

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە قوش تىللىق باللار 1 - يەسلىسىدە.

## قەلبىمدىكى راست گەپلەر

▲ ماڭا دوستلۇق ھەممىدىن مۇھىم بولغىنىدەك، رەقىبلىرىممۇ ئوخشاشلا لازىم. چۈنكى، ئاشۇ رەقىبلىرىم بولغاندىلا مەن يېڭى ھاياتلىق يولىغا يول ئاچالايمەن.

▲ «خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئەيىب ئەمەس، تۈزەتمەسلىك ئەيىب» — دەيمىز - يۇ، بىرەرسى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا تۈزىتىشكىمۇ پۇرسەت بەرمەيمىز.

▲ تاش كىرەلىگەن سۇنىڭ ئىچىگە ئىس - تۈتەك كىرەلمەيدۇ، ئەمما ئاشۇ تاش كىرەلمىگەن بۇرۇن تۆشۈككە ئىس - تۈتەك كىرەلەيدۇ، مانا بۇ ئوخشاشماسلىق.

▲ قورساق بولىدىكەن ئاچلىق تۈگىمەس، ھاياتلىق بولىدىكەن شامال تۈگىمەس، مېھىر بولىدىكەن سۆيگۈ تۈگىمەس، جان بولىدىكەن مېڭىش تۈگىمەس.

▲ بىز ھەمىشە دوختۇرخانىغا كىرگەندىلا ساغلاملىقنى، ھەسرەتكە دۇچار بولغاندىلا خۇشاللىقنى، مەينەتچىلىككە يولۇققاندىلا پاكىزلىقنى، نادانلىققا يولۇققاندىلا ئاقىللىقنى، ئۈمىدسىزلىككە يولۇققاندىلا ئۈمىدنى، ئۆچ كۆرۈشكە يولۇققاندىلا سۆيگۈنى ئىزدەيمىز.

▲ ئىككى پۇت تەڭلا تۇرغىنىدا بىر قەدەممۇ ئالغا باسالمايمىز، پەقەت ئۇنىڭ بىرسى ئالدىدا، بىرسى ئارقىدا بولغىنىدىلا بىز ئەڭ يىراق مەنزىلگىمۇ يېتىپ بارالايمىز.

— ئالىم ياسىن

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدا.

## بىر تۇيۇقلۇقنىڭ تۇيغانلىرى

▲ ئىقتىسادتىن ئايرىلغىنىڭ — قولۇڭنىڭ كاردىن چىققىنى، مەدەنىيەتتىن ئايرىلغىنىڭ — كۆزۈڭنىڭ كاردىن چىققىنى، تەنتەربىيەدىن ئايرىلغىنىڭ — پۇتۇڭنىڭ كاردىن چىققىنى، مائارىپتىن ئايرىلغىنىڭ — نېرۋاڭنىڭ كاردىن چىققىنى.

▲ ئالىم - ئۇستازلارنى چوڭ كۆرۈش — دىيانەتتىن دېرەك، ئۇلارنى خارلاش — جىنايەتتىن دېرەك.

▲ ھەقنى تونۇش — كېمىنىڭ رولى، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش — كېمىنىڭ كومپاسى، تۇغقانلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش — كېمىنىڭ يەلكىنى.

▲ بېشىڭدا تاغدەك غەم بولسىمۇ، كۆزۈڭدە نەم بولمىسۇن.

▲ بالىلىرىڭغا ئىش - ئەمگەك تېپىپ بەرسەڭ، ئۇلار ساڭا پۇل تېپىپ بېرىدۇ. ئەگەر بالىلىرىڭغا پۇل تېپىپ بېرىپلا تۇرساڭ، ئۇلار ساڭا ئىش (كۆڭۈل ئاغرىقى) تېپىپ بېرىدۇ.

▲ ئاتا - ئانا مەسئۇلىيەتسىز بولسا، بالىلارنىڭ ھالىغا ۋاي، ئەمەلدارلار مەسئۇلىيەتسىز بولسا، پۇقرالارنىڭ ھالىغا ۋاي!

▲ ھوقۇق ئەھلى بۇزۇلسا پۇقرانىڭ ئىشى چاتاق، ئىلىم ئەھلى بۇزۇلسا دۇنيانىڭ ئىشى چاتاق.

▲ پۇت غاجايدىغان ئاياغ بىلەن يول يۈرۈش، ھازازۇل ئايال بىلەن ئۆي تۇتۇش، نادان بىلەن مۇنازىرىلىشىش، تەرسا ئادەم بىلەن سەپەر قىلىش ئوخشاشلا ئازابلىق.

▲ بىر يېمەكلىك بار، مۇۋاپىق يېسەڭ تازا قاملىشىدۇ. دائىم يېسەڭ زېرىكىسەن، جىق يەۋەتسەڭ قورساق ئاغرىتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ — گۆش. يەنە بىر خىل يېمەكلىك بار، مۇۋاپىق يېسەڭمۇ، دائىم يېسەڭمۇ، جىق يەۋەتسەڭمۇ زېرىكمەيسەن، ھەم قورساق ئاغرىتمايدۇ. ئۇ بولسىمۇ — نان. بىر ھېسابتا، مال - دۇنيا ئالدىنقى يېمەكلىككە، بىلىم كېيىنكى يېمەكلىككە ئوخشايدۇ.

▲ ئەقىل — مۇنبەت يەر، بىلىم - ئالتۇن زەر.

▲ ياراتقۇچىنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھەممىنىڭ غېمى بار، جىن - ئالۋاستىدىن باشقا ھەممىنىڭ تېنى.

▲ بايلارغا ساخاۋەت، نامراتقا قانائەت، ياشلارغا سالاپەت، قېرىلارغا پاراغەت، ئەمەلدارلارغا ئادالەت، ھۈنەرۋەنلەرگە ماھارەت بەك يارىشىدىغان زىننەتتۇر.

▲ غەم - قايغۇ — ئۆمۈر دەرىخىنى غاجاپ قۇرۇتقۇچى قۇرتتۇر.

▲ ياخشى تەربىيەلەنگەن بالا — ياراتقۇچىنىڭ شۇ ئائىلىگە ئەۋەتكەن تىنچلىق سالامىدۇر. تەربىيەسىز قالغان بالا — ياراتقۇچىنىڭ شۇ ئائىلىگە ئەۋەتكەن جازاسىدۇر.

▲ ھاياتقا ھەرگىزمۇ ھېيلىگەرلىك قىلما، ئۇ بىر قىسىم ئادەملەرگە ياقسىمۇ، ئومۇمىي كۆپچىلىككە ياقمايدۇ. خۇددى سەپسەتىنى قانچە ۋارقىراپ سۆزلىسەڭمۇ، باشتا بىر توپ ئادەم توپلىشىپ ئاڭلاپ بېقىپ تاراپ كەتكەندەك.

▲ سەممىيلىك پاراغەتكە باشلايدۇ، ھېيلىگەرلىك ھالاكەتكە باشلايدۇ.

▲ بىر قىسىم گېزىت - ژۇرناللاردىكى ماقالىلەر، خىش - سېمونت بىلەن ياسالغان ئېگىز قەۋەتلىك بىنالارغا ئوخشىسا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى ماقالىلەر، كەينىدە بېغى بار، ئالدىدا بارىڭى بار، كېسەك ياغاچ قۇرۇلمىلىق، مىللىي پۇسۇندىكى ساپ ھاۋالىق ئۆيلەرگە ئوخشايدۇ.

— ئابلىتىپ ماموت

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا شاكەنت 1 - مەھەللىدە

## تەپەككۇر جۇغلانمىلىرى

▲ ھەممەيلەن ئۆز پۇلىغا، ئۆز كۈچىگە، ئۆز ۋاقتىغا، ئۆز قىزغىنلىقىغا، ئۆز ئىقتىدارىغا، ئۆز ياقتۇرۇشىغا تايىنىپ كىتاب كۆرسە كىتابخانىدىن چىقماي كىتاب كۆرىدىغان مەستانە بولغىلى بولاتتى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى مەندەك ھەر يىلى قىزغىن مۇشتەرى بولۇپ ئوقۇپ كېلىۋاتقانلارغۇ تازا قىزغىن ئوقۇيدىكەنمىز، ئەمما مۇشتەرى بولالمىغانلارمۇ شۇ ژۇرنالنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇپ پايدىلىنىپ جەمئىيەتتە خېلى كۆپ بىلىمگە ئىگە بولدى.

▲ ئاتا - ئانىسىدىن، قولۇم - قوشنىلىرىدىن ھېيىقمىغان نان قېپىلار، جەمئىيەتتە ئانچە - مۇنچە تېپىلار، مۇنداقلارغا ئاتا - ئانىلار يەتكۈچە چېچىلار، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىر ئاز ئوڭشىلار.

— ھىدايەت ئەخمەت جەريانى

ئاپتور: لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا باشخانقىرىق كەنت 56 - نومۇرلۇق قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق

## قەلب ۋولقانلىرى

▲ ھېسسىياتىڭىز مۇزلىغاندا، ئېتىقادىڭىز پەلەسەپىدە بولسا، سىز چوقۇم بەختلىك ھەم ئالىيجاناب ئادەم.

▲ كىشىلىك ھايات خۇددى تونېللاردىن ئۆتىدىغان تاغ يولىغا ئوخشاش قاراڭغۇلۇقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاندىن يورۇقلۇققا چىقىدۇ.

▲ ئەگەر سەن ۋىجدانىڭغا زىيانكەشلىك قىلساڭ، ۋىجدانىڭ سەندىن ئۆچ ئالىدۇ.

▲ ئەخلاقىڭنى خەجلەپ بايلىق سېتىۋالما، ئەركىنلىكنى خەجلەپ ھوقۇق سېتىۋالما.

▲ مەسئۇلىيەت — ئۆز ئىشىغا بولغان مۇھەببەت دېمەكتۇر.

▲ ئەڭ زور نامراتلىق ئىقتىدارسىزلىق، ئەڭ زور پەسكەشلىك ئىرادىسىزلىك.

▲ ھايات قۇربان بېرىش، يوقىتىش، ئېرىشىش، تەقدىم قىلىش دېمەكتۇر.

▲ ئەرلەر زەئىپلەشتى، ئاياللار ئەسەبىيلەشتى، باللار چۈشكۈنلەشتى، ئائىلە ئاجىزلاشتى، دېمەك ئانا تەبىئەت ئۈنسىز ياش تۆكتى.

▲ كۆپنى كۆرگەن تەمكىن بولۇر، كۆپنى سۆيگەن غەمكىن.

▲ يېڭى بىر كۈنۈڭنى تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن كۈتۈۋال.

▲ تۈنۈگۈن ئۈچۈن ياش تۆكمەي ئەتە ئۈچۈن تەر تۆك.

▲ ھاياتنى بىر باش پىيازغا ئوخشاتساق بىر قېتىمدا بىر قاتتىن سويىمىز. سويۇش جەريانىدا كۆزلىرىمىزدىن ياش ئاقىدۇ.

▲ مەن چۈشۈمدە ھاياتنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، ئويغىنىپ ھاياتنىڭ مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

▲ ھەسەل بىلەن شاراپ، ھىجران بىلەن ۋىسالغا ئوخشايدۇ. ئۇنى تېتىپ كۆرمىگەن ئادەم قايسى ئاچچىق قايسىسى تاتلىق بىلمەيدۇ.

▲ غەيۋەت — ئابرۇينى يوقىتىدىغان كۆرۈنمەس ۋابا.

▲ بەتخەجلىك — ئائىلە گۈلزارىنى ۋەيران قىلىدىغان سۈنئىي ئاپەت.

— ئىمىن ھاشىم

ئاپتور: تېكەس ناھىيە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە.



ئابدۇرازاق سايىم

# ھاياح ھەققىدە

قېرىندىشىم، بەلكىم ساڭا ئاياندۇر، جەمئىيەت دېگەندە تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. باشقىنى دېمەي قويايلى، ئەتراپىڭدا، يەنى كۆز ئالدىڭدىلا بولۇپ تۇرۇۋاتقان تەرەققىيات - ئۆزگىرىشلەرنى كۈندە دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن شۇنداقمۇ؟ بۇلارنى كۆرگەنلەر ھەيرانلىق ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ. بەزى ئۆزگىرىشلەر دېمەسىمۇ ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ، بەزىلىرى بولسا خاپىلىققا غەرق قىلىدۇ. بۇلار تەرەققىيات جەريانىدا يۈز بېرىدىغان رېئاللىق. ئومۇمەن، تۈرلۈك تەرەققىيات - ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەمئىيەتكە ئېلىپ كەلگەن پايدىسى زىيىنىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىمۇ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتىدۇ. ئەمما ھەممىدىن يامان بولۇۋاتقىنى شۇكى، تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر نېمە سەۋەبلەردىنكىن تاڭ، توختاۋسىز يۈز بېرىپ، ئاۋامنىڭ تاپقان - تەرگەننى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىۋاتىدۇ. قىسقىسى، بۇ رەھىمسىز ئاپەتلەر يېتەرلىك مال - مۈلۈككە تەشنا سانسىزلىغان قەلبلەردە ساقايتقۇسىز جاراھەت پەيدا قىلىپ، شۇ تەشنا كۆزلەرنىڭ كاللىسىنى قايتا كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە پەسكە ساڭگىلىتىپ قويۇۋاتىدۇ. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، تۈرلۈك ئاپەتلەر پەيدا قىلغان شۇ دەردلەرنىڭ ئەلىمىنى تۈگىتەلمەي تۇرغاندا، يەنە يۈرەكلەرنى پارە - پارە قىلىدىغان، بەزىدە قانچە ئويلىسىمۇ چۈشىگە كىرمەيدىغان ۋەقەلەر ئارقىمۇئارقا يۈز بېرىپ، ئەنە شۇ تۈمەنمىڭ يۈرەكلەرنى زەردابقا غەرق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنى نېمە ئاپەت دېمەمسىز؟ تېرىقتەك ئىشنى تۆگىدەك، تۆگىدەك ئىشنى تېرىقتەك كۆرسىتىپ، قېرىنداشلار ئارا تۈگەتكۈسىز ئارازلىقلارنى پەيدا قىلىدىغان غەيۋەتخورلۇقتۇر. سەنمۇ بىلىسەن قېرىندىشىم، مەن دېگەن بۇ غەيۋەتخورلۇقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان رەزىللەر ئارىمىزدا كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. قىسقىسى، كىشىلەرنى ئۆزئارا دۈشمەنلەشتۈرۈشنى ئۆز بەختىنىڭ مىزانى قىلىۋالغان بۇ خىل مۇناپىقلار قوشۇنى ئارىمىزدا كۈندىن - كۈنگە ئاۋۇماقتا، كۈچەيمەكتە.

قېرىنداشلار، مېنىڭ بۇلارنى دەۋېتىپ، مۇنداق بىر ھادىسە يادىمدىن كەچتى: خېلى سالاپەتلىك بىرسى بىرەيلەنگە:

— ھەي قارا، بىر كۈنى بىرسى بىر سورۇندا بىزگە بەكمۇ غەيۋىتىڭنى قىلىپ بەردى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى تولىمۇ زېرەكلىك ۋە دانالىق بىلەن شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— ھەي مەلئۇن، ئۇ كىشى ماڭا ئوقيا ئېتىپتۇ، شۇنداقمۇ؟ لېكىن ئۇ ئاتقان ئوقيا ماڭا تەگمىدى، ئەمما سەن نېمىشقا تەگمىگەن شۇ ئوقيانى كۆتۈرۈپ كېلىپ يۈرىكىمگە سانجىيسەن؟

بۇ گەپ توشۇشنىڭ كىشى كۆڭلىگە غەيۋەتتىنمۇ ئېغىر ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. گەپ ئېغىزدىن چىققۇچە ئۇنى ئادەم باشقۇرىدۇ، ئېغىزدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمنى باشقۇرىدۇ. ئەگەر گەپ جايىدا بولمىسا، ئادەمنىڭ بېشىنى تۆۋەن، دىلىنى سۇنۇق، تىلىنى تۇتۇق قىلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ۋاقىت، ھەر قانداق جايدا گەپ - سۆز قىلغاندا، ئويلاپ قىلىش، بولۇپمۇ «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەن ھېكمەت — ھەر بىرىمىزنىڭ قەلبىگە گويا مۆھۆردەك ئورناپ كېتىشى كېرەك!

شۇ تاپتا مەن ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدىكى خاتىرىلىرىمنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، تىمتاسلىق ئىچىدە چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولۇپ باقسام ياكى بولمىسا شادلىق قاينىمىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، كۆرمىگەنلەرنى كۆرۈپ باقسام دەيمەن. شۇ تاپتا يەنە ئۆزۈمنى قىيىداش خاپا بولۇش ۋە ئاداۋەتلىشىپ يۈرۈشتىن تەلتۆكۈس چەتكە ئېلىپ، نەزەرىمنى كېلەچەككە ئاغدۇرۇپ، كېلەچەكتىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ باقسام قانداق بولار، دەپمۇ ئويلاپ تۇرۇۋاتىمەن. ئارىمىزدا قىممەتلىك نەرسىلىرىنى يوقاتقانلار، ئۇنىڭدىن سەۋەبسىز ئايرىلىپ قالغانلار ئاز ئەمەس. بىزدە: «يىتكەن مالنىڭ سېپى ئالتۇن» دېگەن ماقال بار. يەنە: «ئالدىڭ پۇتتۇڭ، ساتتىڭ يىتتۇڭ» دېگەن ھېكمەتمۇ بار. ئۆتمۈشتە قىممەتلىك نەرسىمىزدىن ئايرىلغان ياكى ئۇنى يوقاتقان بولساق، ئۇنىڭ ئالتۇنغا باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلەيلى، بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ ئىزدەپ يۈرمەيلى، ئۇ ھامان قولىمىزغا، قوينىمىزغا قايتىپ كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ ھالال تەرىمىز ئارقىلىق ئېرىشكەنلا نەرسىمىز بولسا، ھامان ئۆزىمىزگە مەنسۇپ بولىدۇ، مەن شۇنداق دەپ ئويلايمەن ھەم شۇنىڭغا ئىشىنىمەن. تەۋسىيەم شۇكى، بۇ سەۋەبلىك باشقىلارنى سەۋەبسىز رەنجىتمەڭ. رەنجىتكەن بولسىڭىز ئەپۇ سوراشنى بىلىڭ، رەنجىگەن بولسىڭىز ئەپۇ قىلىشنى بىلىڭ. چۈنكى بۇ ھايات ھەممەيلەن ئۈچۈن قىممەتلىك! ھەم بەك قىسقا! بەك قىسقا!

گۈلنى گۈلگە كەلتۈرگەنمۇ سەن ئىدىڭ،
جاننى جانغا يەتكۈزگەنمۇ سەن ئىدىڭ؛
سۆيگۈ دېگەن ئاتەش كەبى يارقىراق،
ئۇنىڭ قەدرىنى بىلگەنمۇ سەن ئىدىڭ.
ئاققۇزسەن ھالال تەرنى تىنماي تېخى،
مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن سەن بىر سەبىي.
مېھنەت قىلىپ ئېرىشكىنىڭ ئازاب بەلكى،
جانغا ئوزۇق بەرگىنىمۇ سەندەك سېخىي.

مۇشۇ كۈنلەردە ھەممىنى باراۋەر رازى قىلماق بەك تەس، ھەممىگە يارىغۇدەك ئادەم بولماق تېخىمۇ تەس. ئەمما ھەر بىرىمىزگە نىسبەتەن ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئەپۇ قىلىشنى بىلىش سەممىي ئادىمىيلىككە، ئىنسانىي ۋىجدانغا چېتىلىدىغان ئەڭ ئاسان ئىشتۇر. ئىنسان ئۈچۈن ئاسانلىقنى، ئوڭايلىقنى يارىتىش سەۋرچان، سەممىي، ئەخلاقلىق، ۋىجدانلىق ۋە ئىرادىلىك بولۇشقا باغلىق. ئىشەنمىسىڭىز ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق سىناپ كۆرۈڭ. سەۋرچان بولماق، تېخىمۇ گۈزەللىكتۇر. ئىنسان ھەرھالدا سەۋرچان بولسىلا، شۈكۈر قىلسىلا، ئەتراپىتىكىلەر ئۇنىڭغا تېخىمۇ يۇقىرى ئىنئام - مۇكاپاتلارنى بېرىدۇ. سىز مۇشۇ قىسقىغىنا ھاياتىڭىزدا بارلىق ئادەملەرگە سەممىي مۇئامىلە قىلمەن، دەپ ئويلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، بەلكىم ھەم شۇنداق قىلغان بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن، بىراق رېئاللىق سىز ۋە مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. بەزىلەرگە سىز سەممىي مۇئامىلە قىلسىڭىز ۋە كۆيۈنگەن بولسىڭىز، ئۇ ئادەم بەلكىم ھاكاۋۇرلۇق پەشتىقىغا چىقىۋېلىپ، ئۆز ھۆرمىتىنى چۈشۈرۈۋېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۇنداق ئادەملەرگە قوشۇندىن ئايرىلىپ كېتىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىشىمۇ ئەزبىرايى خاتالىق ئەمەستۇر. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ئۇنداق ناچار ئىللەتلىك كىشىلەرنى ئۇنتۇش بىزدىن يىراقلاپ كەتمىسۇن.

قېرىنداشلار، دوستلار، كىبىرلىك بىزگە مەڭگۈلۈك گۇناھتۇر، گۇناھنى قايتىلىمايلى. ئەكسىچە مۇھەببەتنى قەدىرلەيلى، مۇھەببەت قەدىرلەش ۋە قەدىرلىنىش بىلەن گۈزەلدۇر. قەدرىنى قىلغانلارنىڭ ھۆرمىتىنىڭ ئالەمچە بولۇشىغا تىلەكداش بولايلى.

ھەقىقىي دوستلۇق قول بىلەن كۆزگە ئوخشايدۇ، قول يارىلانسا، كۆزدىن ياش ئاقىدۇ، كۆزدىن ياش ئاقسا، قول بېرىپ سۈرتىدۇ. بۇ دۇنيادا سىزگە كۆڭۈل بۆلگەنلەرنىڭ سىزگە كۆڭۈل قەرزى بولۇشى ناتايىن. سىزنى ياخشى كۆرگەنلەرنىڭ سىزگە مۇھەببەت قەرزى بولۇشىمۇ ناتايىن. سىزنى سۆيگەنلەرنىڭ سىزگە سۆيگۈ قەرزى بولۇشى تېخىمۇ ناتايىن. شۇڭا باشقىلارغا قەرزدار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ ئاۋارە بولماڭ. سىز كۆڭۈل بۆلگەن شۇ كۆڭۈللەردىن بىرەر نەرسە تاما قىلماڭ، چۈنكى شۇ چاغدا ھەرقانچە قىلسىڭىزمۇ قالغان كۆڭۈلنى ئالغىلى بولمايدۇ، ئەڭ موھىمى سىزنى ياخشى كۆرگەنلەرنىڭ مۇھەببىتىنى نەپرەتكە ئايلاندۇرۇۋالماڭ.

ھايات شۇنداق بىر خىل سېھىرلىك جەريانكى، ئۇ سىزنى ھەمىشە ئالدىغا سېلىشۇلۇشقا ئالدىرايدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ نەگە، نېمىگە ئالدىرايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيسىز. قىسقىسى، ھاياتنىڭ لەززىتى چەكسىز. شۇڭا بىز بۇ ئادەملەر توپىدا تۇرلۇك - تۈمەن قايغۇ - ھەسرەتلەرنى ئۇنتۇپ، كەلگۈسى ئۈچۈن مەشئەل كۆتۈرۈپ ئالغا قاراپ ئىنتىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيەتلىكى شۈبھىسىزدۇر.

قېرىنداشلار، دوستلار، قەلب تۆرۈڭلەردە باشقىلارنى ئازاب ئوتىغا ئىتتىرىدىغان قارا نىيەت بولمىسۇن، چۈنكى ئۆزىڭىزنىڭمۇ ھامان باشقىلار تەرىپىدىن شۇ ئازاب ئوتىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، ئەلەم بىلەن ئىڭراپ قېلىشىڭىزدىن ھەزەر ئەيلەڭ. شۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭكى، بۇ ئالەم ئۆتنە ئالەمدۇر!

ساغلاملىق ئىنساننىڭ بەختى، ساغلاملىق ئىنساننىڭ دۇنيادىكى كۆزگە ئەڭ ئىسسىق كۆرۈنگەن نەرسىدىن ھوزۇرلىنىدىغان بايلىقى. ناۋادا ساغلام ياشاي دېسىڭىز، زىيادە ئاچچىقلانماڭ. راھەت - پاراغەتتە ياشاي دېسىڭىز، ھەسەتخورلوق ۋە ئىچى تارلىق قىلماڭ. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەي دېسىڭىز، كىشىگە يامانلىق ئويلىماڭ. دۇرۇس ئادەم بولاي دېسىڭىز، باشقىلارنىڭ رىزقىغا توپا چاچماڭ، غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىڭ. مۇھىمى ئۆزىڭىزدىكى نۇقساننى تۈزىتىشكە ئالدىراڭ!

قېرىنداشلىرىم، دوست - بۇرادەرلىرىم، ھايات بىر لا كېلىدۇ، قايتىلانمايدۇ!

رەھمەتلىك سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى بىلەن يازمامنى تامام لاي:

شامالغا ئوخشايدۇ تەقدىر - ئىرادە،
تۇرمايدۇ بىر يەردە ھەرگىز زىيادە.
قاراپ باق تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىگە،
گاھىدا ئاتلىقتۇر گاھى پىيادە

ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن.

## «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ خەنزۇچە ئاۋازلىق نەشر نۇسخىسى بېيجىڭدا تارقىتىلدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئابابەكرى خەۋەر قىلىدۇ: 18 - يانۋار ئۈرۈمچى «ئىرپان» ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى نەشرگە تەييارلاپ، مىللەتلەر نەشرىياتى، مىللەتلەر ئۈن - سىن نەشرىياتى نەشر قىلغان، 11 - ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ خەنزۇچە ئاۋازلىق نەشر نۇسخىسىنىڭ تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى بېيجىڭ «خەلق» سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

مۇراسىمدا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، پەخرىي ئاكادېمىك لىيۇ كۈيلى «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى، جۇملىدىن جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە تۇتقان ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۇردى. ئاندىن «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ خەنزۇ تىلىدىكى دەسلەپكى تەرجىمىسىنىڭ تىلماچلىرىدىن بىرى بولغان ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق شۇجىسى، تەتقىقاتچى لىيۇ بىن، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، پىروفېسسور ئازاد سۇلتان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى رەيھان قادىر قاتارلىقلار «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، تىل، قانۇن قاتارلىق ساھەلەردىكى قىممىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق توختىلىپ ئۆتتى.

پائالىيەتتە «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ خەنزۇچە ئاۋازلىق نۇسخىسىنى دېكلاماتسىيە قىلغۇچى، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئاتاقلىق دىكتورى ياۋ كېنىڭ نەق مەيداندىكى دېكلاماتسىيەسى مۇراسىم زالىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ سېھرىي كۈچىنى تېخىمۇ نامايان قىلغان بولسا، ئۈرۈمچى «ئىرپان» ئېلېكترون چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى ئابدۇللا ئۆمەرنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ خەنزۇچە ئاۋازلىق نۇسخىسىنىڭ ئىشلىنىش جەريانى ھەققىدىكى تەسىرلىك بايانلىرى يىغىن ئەھلىنىڭ قەلب تارىنى چەكتى.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىلىم دۇنياسىدىكى قىممەتلىك گۆھەر «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ئۇيغۇرچە ئاۋازلىق نۇسخىسى خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئۈچ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئاتاقلىق ياش تەرجىمان دىلمۇرات تەلئەتنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن خەنزۇچە ئاۋازلىق نەشرىنىڭ پايتەختتە جاھان ئەھلىگە سۇنۇلۇشى بۇ ئەسەرنىڭ شاھانە قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇنىڭ خەنزۇچە ئاۋازلىق نەشرى 17 سائەت 10 مىنۇت بولۇپ، بۇ قېتىمقى نەشرى ئۇنىڭ ئاۋاملىشىشى ۋە دۇنياۋىلىشىشى ئۈچۈن، يېڭى يىلغا ئالغان مۇبارەك قەدىمى بولۇپ قالغۇسى.

ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىنىڭ 2015 - يىل 20 - يانۋار سانىدىن ئېلىندى



ئادىل خالىقجان

# ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئۈچ قاتلاملىق ئىدىيەۋى مەنزىلى

**ئىزدىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش**

ھازىرقى دەۋر كۆپ ساندىكى كىشىلەر ماددىي بايلىقلا قوغلىشىدىغان دەۋرگە ئايلىنىپ قالدى. لېكىن يېتەرلىك ماددىي بايلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ئەقىل ـ پاراسەتلىك كىشىلەردىن بولۇش ئاز بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىدۇر. رېئال تۇرمۇشتا خېلى بىر قىسىم كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ، ئەقىل ـ پاراسەتتىن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. ھازىر ئەقىل ـ پاراسەتلىك كىشىلەر كەم بولۇشتىكى مۇھىم سەۋەبنىڭ بىرى، ھەقىقىي تۇردە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئۆگىنىمەكتە، بىراق ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى مەنپەئەت قوغلىشىشنى بىردىنبىر مەقسەت قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئەسلىي مەنىسىدىن چەتنەپ كەتكەندى. بۇنداق قىلغانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس. ئەقىل ـ پاراسەت دېگەن نېمە؟ بۇنىڭغا نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى بىردەك بولمىغاچقا، ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت بولماقتا. بەزىلەر ئەقىل ـ پاراسەتنى بىر ئادەمنىڭ چېچەن بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ دېسە، بەزىلەر ئۇنىڭ بىلىملىك بولۇشىدا دەيدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ قابىلىيەتلىك بولۇشىدا دېمەكتە. شۇڭا ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئارقىلىق ئەقىل ـ پاراسەتنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك كىشىلەردىن بولۇش، كىشىلىك ھاياتتا ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن چېچەنلىك ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بىلىمنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش تولىمۇ مۇھىم. بىرىنچىدىن، چېچەنلىك دېگەنلىك بىر ئادەمنىڭ تۇغما قابىلىيىتى ۋە بەلگىلىك بىلىمگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىنىڭ سەزگۈرلۈكى، ئىنكاسىنىڭ تېزلىكى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، شۇنداقلا مۇئەييەن بىلىمگە ئىگە ۋە رېئال مەسىلىنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن چېچەنلىك ماھىيەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئەقىل ـ پاراسەت دېگەنلىك — بىر ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش ۋە چېنىقىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن قابىلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر ئادەمنىڭ شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۇنىڭ ئۈستىدىن توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ۋە توغرا ھەل قىلىش، شۇنداقلا ھەرقانداق مەسىلىنى ئەتراپلىق ئويلىشىش ئاساسىدا ئىجادىي يوسۇندا ھەل قىلىش قابىلىيىتى كۆزدە تۇ-

تۇلىدۇ. ھەقىقىي ئەقىل - پاراسەت دېگەنلىك — بىر خىل ئەدىيەۋى مەنزىل بولۇپ، ئۇ كەڭ قورساقلىق، چوڭقۇر مەلۇماتلىق، زېھنى ئوچۇق، ئىنكاسى تېز، گەپ - سۆزى يۇمۇرىستىك، ھەرىكىتى چاققان، تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى يۇقىرى بولۇش قاتارلىقلارنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان ئەدىيەۋى مەنزىل ھېسابلىنىدۇ.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەقىل - پاراسەت بىلەن چېچەنلىكنىڭ پەرقى شۇكى، چېچەنلىك پەقەت ئادەتتىكى كىچىك ئىشلارنى ھەل قىلىدۇ، ئەقىل - پاراسەت بولسا چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ. مەسىلەن: باشقىلارنى چۈشىنىش چېچەنلىك دېيىلسە، ئۆزىنى چوڭقۇر تونۇش ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، پۇرسەتپەرەسلىك چېچەنلىك دېيىلسە، ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلەش ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، ئەتىدىن - كەچكىچە قۇرۇق گەپ سېتىش چېچەنلىك دېيىلسە، يۇگۆڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، بىلمىسىمۇ بىلگەندەك كۆرۈنۈپ، ئۆزىنىمۇ - ئۆزگىنىمۇ ئالداش چېچەنلىك دېيىلسە، بىلگەننى بىلدىم، بىلمىگەننى بىلمىدىم دېيىش ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرۈش چېچەنلىك دېيىلسە، موھتاجلىقتا جانغا ئەسقېتىش ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، خاتالىقنى ئۇستىلىق بىلەن باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇش چېچەنلىك دېيىلسە، خاتالىقنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن تونۇش ۋە ئۇنى تۈزىتىش ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، مەنپەئەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىش چېچەنلىك دېيىلسە، ھەرقانداق ئازدۇرۇشلارغا بېرىلمەسلىك ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، دائىم ئۈستۈنلۈكنى تالىشىش چېچەنلىك دېيىلسە، ئۆز قابىلىيىتىنى چاندۇرماسلىق ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، ھىيلىگەرلىك، قۇۋلۇق قىلىش چېچەنلىك دېيىلسە، سەمىمىيەتلىك بىلەن ئۆزگە ئىشىنىش ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، مەنمەنچىلىك قىلىش چېچەنلىك دېيىلسە، ئاددىي ساۋاتلارغىمۇ ھۆرمەت قىلىش ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈش چېچەنلىك دېيىلسە، يىراقنى كۆزلەپ ئىش كۆرۈش ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، سەزگۈر كۆزلىرى بىلەن مال - دۇنيانىلا كۆرۈش چېچەنلىك دېيىلسە، مال - دۇنيا ئالدىدا كۆڭلىنى كۆل سۈيىدەك تىپتىنچ تۇتۇش ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، ئۈچەيلەن بىر يەرگە كەلگەندە ئۇستاز بولۇشنى تالىشىش چېچەنلىك دېيىلسە، ئۈچەيلەن بىر يەرگە كەلگەندە ئۇستاز ئىزدەشكە ئالدىراش ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، تەقدىرگە رازى بولماي ھەممىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش چېچەنلىك دېيىلسە، تەقدىرنى رازىمەنلىك بىلەن كۈتۈۋېلىش ۋە سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش كۆرۈش ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتۇر، ۋاھاكازالار. يۇقىرىقىلاردىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، چېچەنلىك كۆپ ۋاقىتلاردا ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇش بىلەن زىت كېلىدۇ. چېچەنلىك بىلەن ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇش ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، ئۇلارنى تەڭداش مەنىدە چۈشىنىشكە بولمايدۇ. دېمەك، بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا چېچەنلىكتىن ئايرىلىشقا بولىدۇكى، ئەقىل - پاراسەتسىز ياشاشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، بىلىم توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرمۇ ھەرخىل بولماقتا. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىلىم دېگەنلىك ئىنسانلار خۇلاسىلەش ئارقىلىق ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك بولغان، تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان ھەقىقەت، شۇنداقلا يېتەكلەش ئارقىلىق رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان ئۇقۇم، نۇقتىئىنەزەر، تەجرىبە - ساۋاقلار، تەرتىپ - پروگراممىلار ۋە ئۇچۇرلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئىبارەت. بىلىم بەلگىلىك بىلىملەرنى ئەستە تۇتۇش ۋە ئىگىلەشنى كۆرسەتسە، ئەقىل - پاراسەت بىلىمنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشنى كۆرسىتىدۇ. بىلىمنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت چەكلىمىسى بولىدۇ. مەسىلەن: بەزى بىلىملەر بەش يىلدىلا يېڭىلىنىپ ئون يىلدا زور ئۆزگىرىپ، 20 يىلدىلا پۈتۈنلەي كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس. بىراق ئەقىل - پاراسەت شەيئىنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىنى كۆرەلەيدۇ. مەسىلەن: بىلىملىك ئادەم بىلەن ئەقىل - پاراسەتلىك ئادەم ئوخشىمايدىغان ئىككى تىپتىكى كىشىلەردىن بولۇپ، كېيىنكىسىنى ئالدىنقىسىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ئالدىنقىسىغا ئوخشاش بىلىمى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيەت ۋە جەمئىيەتكە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئالدىنقىسىدىن خېلى ئۈستۈن تۇرىدۇ. بىلىم نەق جاۋاب، فورمۇلا، تەرتىپ - پروگرامما، ئۇچۇر ۋە بارلىق تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئەستە تۇتۇش بىلەن يادلاشنى بەلگە قىلىدۇ. ئەمما ئەقىل - پاراسەت بىر ئادەمنىڭ بىلىمنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئارقىلىق چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، ئىجادىي يوسۇندا مەسىلىنى بايقاش ۋە ھەل قىلىش قابىلىيىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

شۇڭلاشقا بىلىمنى پەقەت ئەقىل - پاراسەتكە ئايلاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ قىممىتىدىن ھەقىقىي پايدىلانغىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىلىمگە ئىگە بولۇش بىلەنلا ئەقىل - پاراسەتكە ئۆزلۈكىدىن ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. مەس-

لەن: ئەگەر بىر ئادەم ئاپتوموبىل ھەيدەش، كومپيۇتېر ئىشلىتىش، ھەتتا ئايروپىلان ھەيدەش قاتارلىق جان بېقىشقا ئائىت تېخنىكىلارنى پىششىق بىلگەن، شۇنداقلا زور مىقداردىكى تۈرلۈك بىلىملەرنى ئىگىلىگەن بىلەنمۇ روھى قۇرۇق، ئىدىيەسى نامرات، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىككە ھەققىي ئىنتىلىشى بولمىسا ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە بولالمايدۇ. ئوخشاشلا ناۋادا بىر ئادەم نوقۇل ھالدا باشقىلارنىڭ ئىدىيەسىنى تەكرارلاپ ئۆزى پىكىر يۈرگۈزمەي، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىسا ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلمىسە، بىلىم قاتلىمىدا مەڭگۈ توختاپ قېلىشى مۇمكىن. بىلىم بىلەن ئەقىل-پاراسەتنىڭ پەرقى شۇكى، بىلىم پەقەت ھەققىي ئەقىل-پاراسەتكە يېتىپ بېرىشنىڭ چىقىش نۇقتىسىدىن ئىبارەت. ئەقىل-پاراسەت بولسا مول بىلىم ئاساسىدا شەيئىگە بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىر خىل يىراقنى كۆرەلەيدىغان، بىلىمنى جانلىق ئىشلىتىش، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش، ئېنىق كۆرۈش، ئەمەلىيەتكە قارىتا ئاجايىپ توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاش، شۇنداقلا ھەل قىلىش قابىلىيىتى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولغاچقا، كىشىلەر زور مىقداردىكى بىلىم ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولدى. بىراق بىلىمى بولغانلارنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، بىلىم «ئۆلۈك» ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ «جىمجىت» ھالەتتە تۇرىدۇ. ئەقىل-پاراسەت «تىرىك» ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ دائىم «ھەرىكەت» ھالىتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا پەقەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق بىلىمنى ئەقىل-پاراسەتكە ئايلاندۇرغاندىلا، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، زور مىقداردىكى بىلىمگىلا ئىگە بولغانلارنى چېچەن كىشى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش، «بىلىم»گىلا ئىگە بولۇپ، دەۋرگە ئەگىشىپ، بىلىمنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاشنى بىلمىگەنلەرنى ۋە «بىلىم»لا بولۇپ، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشنى بىلمىگەنلەرنى بىلىملىك كىشى دېيىشكىلا بولىدۇ، ئەقىل-پاراسەتلىك دېيىشكە بولمايدۇ. ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ باكوننىڭ كەڭ تارقالغان بىر جۈملە سۆزى بار، ئۇ بولسىمۇ «بىلىم — كۈچ دېمەكتۇر.» باكون ياشىغان شۇ زامانلاردا ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە بىلىم ھەقىقەتەن كىشىلەرگە كۈچ بېرىش رولىنى ئوينىغانىدى. لېكىن ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بىلىم پەقەت ئەقىل-پاراسەتكە ئايلانغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرگە ھەققىي كۈچ بېغىشلاپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، بىلىمنى ئەقىل-پاراسەت دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بىلىم پەقەت كىشىلەرنىڭ جان بېقىشىغا ياردەم بېرىدىغان ۋاستە بولالايدۇ، خالاس. ئەقىل-پاراسەت بولسا كىشىلىك ھاياتتىكى نۇرلۇق ماياك ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭلاشقا ئەقىل-پاراسەتنى مۇنداق ئۈچ قاتلاملىق ئىدىيەۋى مەنزىل بويىچە چۈشىنىشكە بولىدۇ: ئەقىل-پاراسەتنىڭ بىرىنچى قاتلامىدىكى ئىدىيەۋى مەنزىلى بىلىملىك بولۇشتىن ئىبارەت.

بىلىم ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئاساسى. مەسىلەن: ھەيۋەتلىك ۋە ئېگىز ئىمارەتنىڭ ئۇل قۇرۇلۇشى بولمىسا، ئۇ ئىمارەت ھېسابلانمايدۇ. ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇش ئۈچۈن شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، ئۆزىنىڭ بىلمەسلىكىنى بىلىش ئەقىل-پاراسەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. خۇددى قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى سوقرات كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: ئەقىل-پاراسەت ئۆزىنىڭ بىلمەسلىكىنى بىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغاندىلا، ئاندىن ساختىپەزلىك بىلەن ھاكاۋۇرلۇقتىن ساقلىنىپ، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئەستايىدىل چۈشىنىپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى، كىشىلىك ھاياتنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى، ئۆزىنىڭ نەقەدەر چاغلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، رېئال تۇرمۇشنىڭ تەپسىلاتلىرىدىن تەسىرلىنىپ، كەمتەرلىكنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن بىلمەسلىكىنى چۈشىنىپ، ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇشقا قەدەم تاشلىيالايدىغان بولىدۇ. دەرۋەقە بىلىم قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، بۈگۈنكى كۈنلەردە بىلىمگە ئائىت كىتاب-ماتېرىياللار ھەددى-ھېسابسىز ۋە «بىلىم پارتلاش» يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بارلىق بىلىمنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەشكە زېھنىي كۈچى بىلەن ۋاقتى يېتىشمەيدۇ. چۈنكى، ھايات چەكلىك، بىلىم چەكسىزدۇر. شۇڭا ئەستايىدىل تاللاش ئارقىلىق ئىگىلىگەن بىلىم ۋە ئۆزىنىڭ نەشانىغا مۇناسىپ بىلىملا ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇشقا شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ. بىلىمنىڭ مەنبەسى ئىنتايىن كۆپ، بۇرۇنقىلارنىڭ تەجرىبىسى بىلەن كىتابلاردىن كەلگەن بىلىمدىن باشقا، رېئال تۇرمۇش، خىزمەت ۋە جەمئىيەتتىمۇ نۇرغۇنلىغان بىلىملەر مەۋجۇت. شۇڭلاشقا ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن شۇنى تونۇش كېرەككى، بىلىم ئەقىل-پاراسەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، شۇنداقلا ئاساسىي باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلىم ئىگىلەش

ئۇچۇن، تولۇق كۇرسنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ماگىستىرلىق
ياكى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋان ئۇچۇن داۋاملىق تىرىشچان-
لىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز
كېڭەيتىش بىلەنلا بولۇپ، بىلىمنى ئىشلىتىشكە يۈزلەنمىسە،
ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ بىلىم قاتلىمىدا توختاپ قېلىشى مۇمكىن.
لېكىن بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەھۋاللارمۇ بار، دۇنيانىڭ يېڭىلىق
يارىتىش تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەممە ئادەمنىڭ ئالدى
بىلەن چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىملەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن
يېڭىلىق يارىتىش بىلەن شۇغۇللىنىشى ناتايىن. مەسىلەن: مىك-
روسوفت شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بىل گايتىس خارۋارد ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزەلمىگەن، بىلىم ۋە كەسپىي سەۋىيەسى
چەكلىك بولغان ئەھۋال ئاستىدا، مەردانىلىق بىلەن ئالغا
قاراپ ئىلگىرىلەپ، يېڭى يۇمشاق دېتالنى ياساش جەريانىدا
ئىجادىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن كەسپىي بىلىملەرنى تولۇق-
لاپ، ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولۇش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت
قازانغاندى.

ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئىككىنچى قاتلامدىكى ئىدىيەۋى
مەنزىلى بىلىمنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتىن ئىبارەت. ھەرقان-
داق ئادەم ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىم ئارقىلىق رېئال تۇرمۇش،
خىزمەت ۋە جەمئىيەتتە دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرەلىگەن ۋە دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلالىغانلار-
نى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئىككىنچى قاتلىمىغا يېتىپ باردى،
دېيىشكە بولىدۇ. بىلىم ئىگىلەشتىن مەقسەت ــ ئۇنى باشقى-
لارغا كۆز ـ كۆز قىلىپ ماختىناش ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت
ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ
ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۆيغىتىشتىن ئىبارەت. ھەرقانداق ئادەم
ئۇچۇن ئېيتقاندا، بىلىم ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش ئاسانغا چۈش-
مەيدۇ. ئەمەلىيەت ھەقىقەت بىلەن بىلىمنى سىناشنىڭ بىردىن-
بىر ئۆلچىمى بولغاچقا، ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش، بىلىمنى
ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئارقىلىق ئەقىل ـ پاراسەتنى ئويغى-
تىش تېخىمۇ قىيىن ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا بەزى كىشى-
لەرنىڭ ئىگىلىگەن بىلىملىرى كۆپ بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قول-
لىنىپ ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىسە ۋە ياكى ئەقىل ـ پاراستىنى
ئويغىتىپ ئۇنىڭغا ئىگە بولالمىسا، بىلىملىرى كۆپ بولغان
بىلەنمۇ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان كېرەكسىز نەرسىگە ئايلى-
نىپ قالىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ياكى ئۇنداق بولالا-
ماسلىقى، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى
بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، بىر
ئادەمدە چوقۇم توغرا نىشان، ئېنىق مەۋقە بولۇشى كېرەك.
ئۇ چوقۇم نىشانىنى كۆزلەپ مەقسەتلىك ھالدا بىلىم ئىگىلىشى
شەرت. دېمەك، قايسى بىلىملەرنىڭ ئۆز نىشانىغا ئەڭ باب ۋە
موھتاج ئىكەنلىكىنى، قايسى بىلىملەرنىڭ ئادەتتە ئېھتىياجلىق
ئىكەنلىكىنى، يەنە قايسى بىلىملەرنىڭ پەقەت كېرەكسىزلىكىنى
ئېنىق بىلىشى ھەممىدىن مۇھىم. مۇتلەق كۆپ سانلىق بىلىملەر
كونىلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا بى-
لىملەرگە قارىتا ھەم ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىش ھەم ئۇلاردىن
ئېشىپ كېتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ چې-
كىنى ئوبدان ئايرىۋېلىش لازىم. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇن
يىللار مابەينىدە جۇغلىنىپ كەلگەن بىلىملەرنى تاللاپ ئۆز نى-
شانىغا خىزمەت قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، ئەمەلىيەت جەريانىدا
دەۋرگە ئەگىشىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاش، ھەل قىلىش،
شۇنداقلا ئۇلاردىكى يېڭى قانۇنىيەتنى بايقاپ چىقىش تولىمۇ
مۇھىم. بىلىمگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەت-
بىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدا ھەم ھېچنېمىدىن قورقماسلىق
روھى بولۇش ھەم توغرا نىشان ۋە ھەرقانداق قىيىنچىلىققا
باش ئەگمەيدىغان جاسارەتنى بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلى-
غاندىلا ئاندىن ئەڭ ئاخىرى ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇپ ئەمە-
لىيەت جەريانىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئالغا
قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. قىسقىسى، كىشىلەر پەقەت
ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىملەرنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ بىرەر مە-
سىلىنى ھەل قىلالىغاندىلا، ئاندىن ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئىككى-
نى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىككىنچى قاتلامدىكى ئىدىيەۋى مەنزىلىگە
يېتىپ بارالايدۇ. بىراق بىلىمنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلىيەتكە تەت-
بىقلاشقا بولمايدۇ. بەزى بىلىملەر، مەسىلەن: نادىر ئەدەبىي
ئەسەرلەرنى ئوقۇش رېئال تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى ھەل
قىلىش ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى جەمئىيەتنى، دۇنيانى، ھايات-
نى تونۇشقا، شۇنداقلا ئالىيجاناب ئادەم بولۇشقا ۋە ئېسىل
ئەخلاق ـ پەزىلەت يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ھالبۇكى بىلىمنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىش ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئۈچىنچى قاتلىمى، يەنى ئەڭ
يۇقىرى قاتلىمى ئەمەس. ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئى-
دىيەۋى مەنزىلى، يەنى ئۈچىنچى قاتلىمى بىر ئادەمنىڭ قەلب
ۋە زېھنىنىڭ مۇكەممەل يېتىلىپ چىقىشىدىن ئىبارەت. بىر
ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، مول ۋە كەڭ بىلىملەرنى ئىگىلەپ
ھەمدە ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ تۇرمۇش، خىزمەت ۋە
جەمئىيەتتە دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، شۇن-
داقلا مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادىيەت كۈچلى-

رىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق يېڭى بايقاشلارنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ئىلھاملار بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان سۇدەك بارلىققا كېلىشكە باشلايدۇ-دە، ئىجتىمائىي پەنلەردىكى يېڭى-يېڭى ئەسەرلەر ۋە پەن-تېخنىكىدىكى يېڭى-يېڭى كەشپىياتلار بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەقىل-پاراسەتلىك كىشىلەر بىرەر مەسىلىگە يولۇققۇشنى خۇشاللىق، دەپ بىلىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق مەسىلىگە يولۇققان ھامان دەرھال شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. ھەر قانداق بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پەقەت بىرلا چارە ياكى يولنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا باشقىلار ئىزدەپ تاپالمىغان يوللار ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۆزىنى يېڭىلىق يارىتىش دېيىشكە بولىدۇ. بەزى كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ ئۇ كىشىنىڭ تەلىيى كەلدى دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەقىل-پاراسەت دېگەن مانا بۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەقىل-پاراسەتنىڭ يۇقىرىدا دېيىلىپ ئۆتكەن بىلىملىك بولۇش ۋە بىلىمنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىشتىن ئىبارەت ئىككى قاتلىمىدىن ئۈچىنچى قاتلىمىغا يەنى بىر ئادەمنىڭ قەلب ۋە زېھنىنىڭ مۇكەممەل يېتىلىشىگە ئۆرلەشنىڭ بىردىنبىر يولى قايتا-قايتا چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشتۇر.

ئۆگىنىش بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈش بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر جۈپ ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى كەم بولسا ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. مەشھۇر فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېين: بىلىم ئۆگىنىشتە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ۋە قايتا-قايتا پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇش لازىم. مەن مۇشۇ ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا تايىنىپ ئالىم بولغانىدىم، دېگەن. ھارماي-تالماي ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەندىلا، ئاندىن ئەقىل-پاراسەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىدىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ۋە باشقىلارنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىدىن پايدىلىنىش تولىمۇ مۇھىم. دېمەك، ئۆگىنىش بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ رېئال تەقدىرى بىلەن ئاخىرقى مەنزىلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ھاياتنىڭ ماھىيىتى ۋە قىممىتى، قانداق ئۆگىنىش قىلغاندا ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى، قانداق قىلغاندا ئىشنى ئۈنۈملۈك بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئويلىنىش لازىم. بۇلاردىن باشقا يەنە مەن كىم؟ مەن نەدىن كەلدىم، نەگە بارىمەن؟ قانداق ياشىشىم كېرەك؟ قانداق قىلغاندا ئىززەت-ئابرۇيۇمنى ساقلاپ ياشىيالايمەن، دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ تۇرغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي مەنىدىكى ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

دەرۋەقە، بىر ئادەم ئەقىل-پاراسەتنىڭ قەلب ۋە زېھنى مۇكەممەل بولۇش قاتلىمىدا مەڭگۈ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب بىر تەرەپتىن، ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ چەكلىك بولۇشىغا مۇناسىپ بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىلىم جۇغلانمىسى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ئىجادىيەت قىلىش كۈچىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھازىر بىر قىسىم ياشلار ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇشنى خالايدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. لېكىن شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق ئىشنى ئۈنۈملۈك بىر باشقا ئېلىپ چىقىشتا سەۋر-تاقەتلىك بىلەن تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ئىنتايىن مۇھىم. بەزىلەر ئادەتتىكى بىلىم-ساۋاتلارنى تېخى تولۇق بىلمەي تۇرۇپلا، يەنى ئەقىل-پاراسەتنىڭ بىرىنچى قاتلامدىكى بىلىم ئاساسىنى ئوبدان سالماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قاتلىمىغا كىرىشكە ئالدىرايدۇ، ئۇنداق قىلغاندا مەقسەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ. گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىلىمگە ئىنتىلىش ھەمدە مول ۋە ئۆز نىشانىغا مۇناسىپ بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەش شەرت. بۇلاردىن باشقا يەنە سەۋرچانلىق بىلەن بىلىم جۇغلانمىسىنى مەۋقەگە توغرىلاپ كېڭەيتىپ، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن بىلىمنى جانلىق ئىشلىتىش ماھارىتىنى ھازىرلاش لازىم. خۇددى ئامېرىكىلىق مۇتەپەككۇر ئايمۇسۇن ئېيتقانىدەك: ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئىشەنچلىك بەلگىسى ئاددىي ئىشلار ئىچىدىن مۆجىزىنى بايقاشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئۆزىنىڭ بەلگىلىگەن نىشانىغا ئەسقاتىدىغان بىلىملەرنى ئۆزىنىڭ نەرسىسىگە ئايلاندۇرۇپ، خالىغانچە ئىشلىتەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئۆزى ھازىرلىغان بىلىملەر ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتالايدىغان ۋە ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىيەلەيدىغان باسقۇچقا بارغاندا، ئەقىل-پاراسەتنىڭ قەلب ۋە زېھنى مۇكەممەل بولۇش قاتلىمىغا يېتىپ بارغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

---

ئاپتور: شىجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پىروفېسسور.



يۇسۇپ ئېلى

# ئەسكى ھېسار[1] خاتىرىلىرى

(نەسرلەر)

### سەپەردىكى ئادەم

ئەي، مۇرۇۋۋەتلىك ئادەم، يۈرىكىڭدىكى يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتلارنى ئۆچۈرمەكچى بولدۇڭمۇ؟! ھايات مۇشەققەتلىرى جىنىڭنى ئىككەكدەپ، ئۆزۈڭ تۇتىيا بىلگەن نەرسىلىرىڭدىن بىراقلا ۋاز كەچمەكچى بولدۇڭمۇ؟! ياكى تەرەپپاللا بىر كۈنى ھاياتىڭ سەن ياقتۇرمايدىغان، پەقەتلا ياقتۇرمايدىغان يەنە بىر يۈزىنى كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟!

سەپەردىسەن، پايانسىز قۇملۇقلارغا ئىبىتتىڭ: ئەي، مەغلۇپ بولغۇچى، ئەي، ئۆزىنىڭ گۇمبىزىنى ئۆز جەسەتلىرى بىلەن قۇرۇپ چىققۇچى، سالام بولسۇن ساڭا! قاغجىرىغان توغراقلارغا نىدا قىلدىڭ: ئاتامنىڭ ھىدى، ئانامنىڭ خۇش پۇرىقى سىڭگەن ئەي توغراقلار، سۇسىزلىق دەشتى، چۆل بورانلىرى سارغايتقانمۇ ياپرىقىڭلارنى؟! 1000 يىل ئۆرە ياشاپ، 1000 يىل ئۆرۈلۈپ ياشاپ، ئەمدىكى 1000 يىل قاقشاللىق قىسمىتىنى كۈتۈۋاتامسىلەر؟!

سەپەردىسەن، ئالدىڭدا ئۇيغۇر چوققىسى[2]. قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدا ناخشا توۋلايسەن: «ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە، ھەسرەت ئىچىمدە». تاغلارنىڭ ئەكس ساداسى ئۆزۈڭگىلا ئايان، ھېچكىمگە ئىيتقۇڭ يوق، ھەتتا شامالغىمۇ.

ئەي، مۇرۇۋۋەتلىك ئادەم، سەپەر باشلانغىلى نىكەم. سەلتەنەتلىك ئىرالارنىڭ قاسراقلىرىدەك شۇنچىلىك غېرىب، شۇ قەدەر يىگانىسەن. ئەزىزلىك نەسەبىڭنى قايتا ۋاراقلىماقچى بولدۇڭمۇ؟! بىئېتىبارلىقىڭنى بىلىپ تۇرۇپ قەسىر پەلەمپەيلىرىگە ئاياغ باسماقچى بولدۇڭمۇ؟! جانانىڭغا يەتمەككە جاندىن كەچمەكچى، قۇياشتەك قىزىرىپ پىشقان قىپقىزىل ئالمىنىڭ مەيلىدە ئىگىز شاخلارنى ئەگمەكچى بولدۇڭمۇ؟!

ئالدىڭدا قىيانلىق دەريا، كۆۋرۈكمۇ يوق، سالمۇ يوق، سەن ئۆتەرگە ھېچنېمە يوق. قىرغاقتا تېڭىرقاپ تۇرغانلىقىڭنى، ئۈستۈڭدىن قارا يامغۇرنىڭ تاراسلاپ يېغىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، بىلىپ تۇرۇپتىمەن.

— تاشقىن مەۋسۇمى قانچىلىك داۋاملىشار؟!

ھېچنېمە دېمىدىم. ئۇلۇغلۇقۇڭ بىتەھقىق تۇرۇپ، پەرىشتىلەر ساڭا باش قويغان تۇرۇپ، ئۆزگىلەردىن ئۈمىدۋار بولغىنىڭ نېمىسى.

سەن ئۇلۇغسەن، ئىزدەۋاتقىنىڭنىڭ ھەننىۋاسى ئۆز قەلبىڭگە كۆمۈلگەن.

سەن غالىبسەن، چۈنكى، سەن سەپەردىسەن.

### كىچىككىنە پەرىشتە

سەن تېخى گۆدەك ئىدىڭ، يىراقتىنلا مېنى تونۇپ

ئەدەبىياتنىڭ رەڭدار دالاسى

قۇچاقلىرىڭنى كەڭ ئېچىپ كەلگىنىڭدە، سامادا ئۇچقان-
دەك، ھەممە قىيناقلار، ھەممە ئازارچىلىقلار كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدۇم. چۇچۇك تىللىرىڭ بىلەن:

— سىزنى يىراقتىنلا تونۇۋالدىم تاغا. ئۇزاق بولدى، بىزنىڭ ئۆيگە كەلمەس بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ سىزنى كۆرگۈم كەلدى، - دېگىنىڭدە، چاناقلىرىمنىڭ لىققىدە ياشقا تولغانلىقىنى، زىبدە بىلەن تولۇپ كەتكەن يۈرىكىمنىڭ ئېغىر - ئېغىر سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن پەرىشتىلەر دۇنياسىغا، ئازاب يوق، ئۆچمەنلىك يوق، رەقىبمۇ بولمىغان بىر دۇنيادا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك، ناھايىتى سۈزۈك ۋە ساپ، ئارامبەخش سەلكىن شامال يۈزلىرىمنى سۆيۈپ، ھەممە ياقتىن خۇش ھىد تارىلىۋاتقاندەك ئاسايىشلىققا چۆمۈلدۈم.

قوللىرىڭنى تۇتتۇم، كىرلەشكەن، لېكىن شۇ قەدەر پاكىز قوللىرىڭنى؛ كۆزلىرىڭگە قارىدىم، مەسۇم، لېكىن ھەممىدىن ساپ، غەرەزسىز مېھىر پارلاپ تۇرغان كۆزلىرىڭگە.

«ئىككىنچى ئۆيۈمگە ئاياغ باسقۇچى بولما!».

ئەرزىمەسلا بىر ئىش ئۈچۈن بىر قورساقتىن چۈشكەن جانجىگەر قېرىنداشىدىن ھېچقانچە ئايانمايلا ۋاز كەچكىلى بولسا - ھە، نادانلىق بىلەن، جاھىللىق بىلەن، تاش يۈرەكلىك بىلەن، قاباھەت بىلەن.

كىشىلەرنىڭ قەلب دۇنياسى شۇنچىلىك قارىداپ كەتكەنمىدۇ؟! ھەممىمىز بۇ دۇنيانىڭ مېھمانلىرى، كىمدىن بۇرۇن كىم كېتىدۇ ھەممىمىزگە پىنھان. دوستانە قول بەرگەنلەرنىلا ئەمەس، بىزگە بىر ئۆمۈر دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارىغانلارنىڭمۇ بىر كۈنلەر قەدرى ئۆتۈلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولساق - ھە؟!

بىر ئەرابى كېلىپ دانىشمەندىن سورىدى:

— قېرىنداشلىرىمغا شۇنچە ياخشىلىق قىلىمەن - يۇ، ئازاردىن باشقىغا ئېرىشەلمەيمەن، قانداق قىلاي؟

— يەنە ياخشىلىق قىل.

— يەنە ياخشىلىق قىلىپ، يەنە ئاھانەتكە قالسامچۇ؟

— يەنە ياخشىلىق قىل.

— ئۇنداقتا مېنىڭ ئەجرىمنى كىم بېرىدۇ؟

— ئىگەڭ بېرىدۇ، — دېدى دانىشمەن كۆككە قاراپ.

راست، بىز شۇنداق كىشىلەر ئىدۇق، شۇنداق كىشىلەرنىڭ باللىرى ئىدۇق. قۇلىقىمىدا كونا، ئۇنتۇلۇۋاتقان

ناخشىلار:

ياخشىلىققا ياخشىلىق،
ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر.
يامانلىققا ياخشىلىق،
ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر.

يەنە سېنىڭ كۆزلىرىڭگە قارىدىم، شۇ قەدەر پاك، مەسۇم كۆزلىرىڭگە. ماڭا شۇنچە يىللار ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن قېرىنداشىم سېنى ھەر ئەركىلەتكەندە، سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن دۇنيانىڭ بەك كەڭرى ئىكەنلىكىنى، كەڭلىك ئىچىدىن ھەممە گۈزەللىكنىڭ بەرق ئۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلمىغانمىدۇ؟ سېنىڭ سېمايىڭدىن ھۆرلەرنىڭ سىماسىنى كۆرمىگەنمىدۇ؟!

سەن چىققان دەرۋازىغا قارىدىم، ساڭا ئوچۇق، ماڭا ئېتىلگەن دەرۋازىغا. قولۇڭنى قويۇۋەتكۈم كەلمىدى، خۇددى سەن مېنى، ھەممىمىزنى باشلاپ بارالايدىغاندەك ئىشكىلەر تاقالمايدىغان، ھەممە بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ كۆڭۈللەر كۆكۈللەردە قانات يايالايدىغان، بوۋام ياشىغان، دادام ئېيتقان، مەن ئىچىمدە يادلانغان پەرىشتىلەر ماكانىغا.

## ھەي، مېنىڭ ئارسلىنىم

ھەر غىڭشىغىنىڭدا مېھرىبان ئانا نارەسىدە بالىسىغا ئەمچەك سېلىشقا ئالدىرىغاندەك، ساڭا بىر نەرسە بېرىشكە ئالدىرايتتىم. قۇيرۇقلىرىڭنى شىپاڭلىتىپ، پۇتلىرىمغا سۈركىلىپ، قوللىرىمنى، يۈزلىرىمنى يالاپ، كۆزلىرىمگە ئۇماق قاپقارا كۆزلىرىڭنى تىككىنىڭدە ئۆزۈمنى چوڭ ئادەم بولۇپ كەتكەندەك، ھېچبولمىسا ساڭا — كىچىككىنە بىر كۈچۈككە بولسىمۇ ھامىي بولالىغانلىقىمدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتىم.

ھامىي بولۇش؟! ئۇ ئەرنىڭ ئىشى، بېجىرىم ئېتىقادلىق ئەركەكنىڭ ئىشى. تاغلارغا قارا، جۇدۇنغا، قار - شەۋرغانلارغا پايە، ھەممىگە بەردەم بەستى بىلەن كۆللى جانلارغا، ھەممە مەۋجۇداتقا ھامىي.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. قويچى بالا توغراق، يۇلغۇن، يانتاق، چاتقاللار بىلەن زىننەت تاپقان پايانسىز جاڭگالدا ئۆيىگە ئالدىرايتتى. قاقشال توغراقلار تۈن قاراڭغۇلۇقىدا ئۇنىڭغا چۆچەكلەردىكى ئالۋاستىلاردەك مۇدھىش قولنى سۇناتتى، چۆل جاندارلىرى قورقۇنچلۇق ھۇۋلايتتى.

— ھەي، قاراباش، ھەي، قاراباش، — دەپ پىچىرلايتتى بالا، — نېمىشقىمۇ قوي تويىدىن ئايرىلىپ قالغانسەن؟ نېمىشقىمۇ ئېغىلدا خاتىرجەم قوزىلىماي، جاڭگالدا قوزىلىغانسەن؟!...

ئەتىيازنىڭ سوغۇق شاملى ئۇنىڭ ياماق ئۇستىگە ياماق چۈشكەن يېلىك كىيىملىرى ئىچىدىكى ئورۇق جىسمىنى قورۇيتتى، قۇچىقىدىكى يېڭى تۇغۇلغان قوزا بولسا ئەنسىز مەرەپ، ئۇنىڭ قورقۇنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بارماقتا ئىدى.

بالا ئۆيىگە ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دادىسىنىڭ ئەندىشىلىك، تەشۋىشلىك تۇرقى، ئانىسىنىڭ ياشقا تولغان چاناقلىرى كەلدى.

— تېزرەك ئۆيگە بېرىۋالسام بولاتتى!

بالىنىڭ قورسىقى ئاچقىلى خېلى بولغانىدى. شۇ تاپتا ئانىسىنىڭ ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ كالا تېزىكىنى ئەپچىللىك بىلەن تىزىپ قالاۋاتقان، قازاندا بولسا زاغرا ئۇندىن ئېتىلگەن ئۇماچ قايناۋاتقان، ئىنى - سىڭىللىرى بولسا «ئاپا، ئاش پىشتىمۇ؟ قاچان پىشىدۇ؟!...» دەپ قەغىشلىك قىلىۋاتقان كۆڭۈللۈك خىياللار ئۇنى ئارامىدا قويمايۋاتاتتى.

قاراڭغۇلۇق قاناتلىرىنى تېخىمۇ كەڭ يايماقتا. بالا ئەنسىزلىك، قورقۇنچ ئىچىدە ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارايتتى؛ چۆل جانىدارلىرى ۋەھىمىلىك ھۇۋلايتتى؛ مۇدھىش قوللار ئۇنىڭغا سوزۇلاتتى؛ قويلارنىڭ تۇۋشىدىن ئۈركىگەن ياۋا توشقانلار قايسىدۇر يۇلغۇن، يانتاق تۈۋىدىن «پارتلا» قىلىپ ئېتىلىپ چىقىپ بالىنى تېخىمۇ ۋەھىمىگە سالاتتى.

— ھەي، ئارسلىنىم يېنىمدا بولغان بولسا - ھە؟!

بالا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى.

ئارسلان ئۇنىڭ ئامراق ئىتى ئىدى. كۆرگەنلىكى كىشى ئۇنىڭ قاردەك ئاق چىرايلىق سىنىغا ھەۋەسلىنەتتى، قاۋۇل بەستىدىن تېنى شۈركىنەتتى. بالا ئاشۇ ئارسلىنى بىلەن دوستلىرى ئالدىدا مەيدىسىنى كېرىپ يۈرەلەيتتى. غولتېرىق [3]، جىگدە بۇلاق [4]، يۇقىرىمەھەللە [5] بولسۇن، كىمنىڭ ئىتى ئۇنىڭ ئارسلىنىغا تەڭ كېلەلىگەن.

دادىسىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئارسلان تاغدىكى ئەڭ ئالغۇر ئوۋ ئىتىنىڭ پۇشتى ئىدى. ئارسلاننىڭ دادىسى تاغچىلارنى ئارامىدا قويمىغان بىر توپ ياۋا چوشقىنى يەر چىشلەتكەن، ھەتتا بۆرە توپىنىڭ سەرخىلى — ئاتامانىنى يوغان، كۆچلۈك بەستى بىلەن بويسۇندۇرغانىدى.

دادىسى ئارسلاننى تاغدىن خالتىغا سېلىپ ئەكەلگىنىدە بالا شۇنچىلىك خۇش بولغان، ئۇنىڭ غىڭشىغان ئاۋازى قۇلىقىغا كىردىمۇ، ئۆزىمۇ يېپىشكە قىيمىغان نەرسىلەرنى ئارسلانغا بېرىشكە ئالدىرايتتى. ئارسلان ئۇنىڭ يات ئانىپەدىن بولغان قېرىندىشى، دىلكىشى، پەخرى ئىدى.

چۆل جانىدارلىرى يەنە ئەنسىز ھۇۋلاشقا باشلىدى. بالا ئۆيگە ئالدىرايتتى. قوي - ئۆچكىلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا شىپىرلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئويلايتتى: «ئۇلار نېمىشقا قاراڭغۇلۇقتىن قورقمايدىغاندۇ؟ ياكى قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ۋە ياكى ئادەمگە قول بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىگە چىدامدىغاندۇ؟!...». بىراق بالا ئۇلارنى قول دەپ ئويلىمايتتى. ئۇلارنى ھەمراھلىرى، دىلكىشى، يوقسىزغىنە ئۆيىنىڭ زىننىتى، دەپ بىلەتتى. ئۇلارنىڭ پۈتلىرى چۈشلىپ، بوغۇزلىرىغا پىچاق سۈركەلگىنىدە، بالىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، چاناقلىرىغا ياش يامرايتتى، بىراق ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئىلاجسىز ئىدى. بالا ئېسىنى بىلگەندىن باشلاپ، نۇرغۇن قوي - ئۆچكىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا جان ئۈزدى. ئاق جىگگەر [6]، ئالا پەشمەت [7]، غولەي [8]، قارا سوبو [9]، بەكە - بەكە ئوغلاقلىرى... ئۇ ھەممىسنى بىلەتتى، ھەممىسنى ئەسلەپ ياد ئېتىپ تۇراتتى.

قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن قورقۇنچلۇق ھۇۋلىغان ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ئىدى. بالا بوۋىسىدىن يادىكار قالغان خەنجىرىنىڭ دەستىسىنى سىيلاپ قويدى. قولىدىكى كالتەكى چىڭ سىقىمدالغانىدى.

— ھەي، مۇشۇ تاپتا ئارسلىنىم بولغان بولسا - ھە؟!

زۇلمەت ئىچىدىن جۈپ - جۈپ قىزىل تۇچكىلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ تۇچكىلار ئاستا - ئاستا قوي توپىغا يېقىنلىشىۋاتاتتى. بالا خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئالدى، قولىدىكى كالتەكنى تېخىمۇ چىڭ سىقىمدالغانىدى. ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە ۋارقىراشقا باشلىدى. قىزىل تۇچكىلار ھەممىگە بىپەرۋا قوي توپىغا سىلجىيتتى. قوي توپى قورقۇنچتىن غۇژمەكلىشىپ بىر يەرگە يىغىلىۋالغانىدى. بالىنىڭ يادىغا تۇيۇقسىزلا بىر نەرسە كەچتى، «ئوت؟!»، توغرا، ئوت يېقىش كېرەك. دادىسىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئوتتىن ھەممە نەرسە قورقارمىش، جىن - ئالۋاستىلارمۇ، يىلانمۇ، ھەتتاكى ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىلەرمۇ.

بالا يانچۇقىدىن سەرەڭگىنى ئېلىپ چەبدەسلىك بىلەن قۇرۇغان يانتاققا ئوت ياقتى. ئۇستىگە ئەتراپتىكى يۇلغۇن،

قاقشال، سۆكسۆكلەرنىڭ قۇرۇغان يىلتىز، غوللىرىنى تاشلاپ ئۇتنى ئۇلغايتتى. ئوت گۇرۇلدەيتتى، ئاچ بۆرىلەرمۇ ۋەھىمىلىك ھۇۋلايتتى. بالا جەڭگە تەييار تۇرغان باھادىر سەركەردىدەك بۆرىلەرگە مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. ئۆزىدىن ئەمەس، قويلىرىدىن ۋايىم يەيتتى، چۈنكى، ئۆيىنىڭ بار-يوق بىساتىمۇ مۇشۇلارلا ئىدى. ئارىدىن بىر بۆرە قوي توپىغا ئېتىلىپ كەلدى، بالىمۇ قورقۇمسىز شىرمەتلەردەك بىر قولدا خەنجەر، بىر قولدا ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرۇلغان كالتەكنى كۆتۈرۈپ بۆرىگە ئېتىلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدىكى بارلىق قورقۇنچلار قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كەتكەنىدى، چۈنكى، ئۇ قويلىرىنى قوغدىمىسا بولمايتتى. كالتەك بۆرىنىڭ نەق بېشىغا تەگكەندەك قىلاتتى. بۆرە ئىككىنچى قېتىم ئېتىلىپ كەلگەندە، بالىنىڭ كاسىسىدىن بىر بۇلجۇڭ گۆشنى ئېلىپ كەتتى، يىلىڭ ئىشتىنىمۇ نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى. ئەمدى بالىنىڭ قانسىراۋاتقان كاسىسى، كىچىككىنە چولدۇرلىرى ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ قالدى.

قان ئېقىۋاتاتتى. بالا ھالسىزلىنىشقا باشلىدى، شۇنداقتىمۇ قوي توپىنى قورۇقداپ ئايلىنىپ، توختىماي ۋارقىرايتتى. بۇ ۋارقىراش بىلەن ئاچ بۆرىلەرنى قورقۇتماقچى بولغاندەك قىلاتتى.

— يەنە ئېتىلىپ كەلسە قانداق قىلارمەن؟ بەرداشلىق بېرەلەرمەنمۇ؟!...

يىراقتىن كىملەرنىڭدۇر ۋارقىرىغان ئاۋازى بالىنىڭ قۇلىقىغا غىل-پال كىرگەندەك بولدى. بىر بۆرە يەنە ئېتىلىپ كەلدى، بالا بىلەكلىرىگە ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، بۆرىگە قاراپ خەنجىرىنى قالايمىقان شىلتىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىزلا بالا قانداق بولۇپ بۆرىنىڭ ئاستىدا قالغانلىقىنى ئۇقالمايلا قالدى. ئۇ بىر قولدا بۆرىنىڭ سىڭار قۇلىقىدىن مەھكەم تۇتسا، يەنە بىر قولى بىلەن بۆرىنىڭ ئېڭىكىدىن يۇقىرىغا كۈچ بىلەن ئىتتىرەتتى. خەنجىرى نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەن، بۆرىنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بالىنىڭ ۋۇجىككىنە تېنىنى تىتما-تالاڭ قىلىۋەتكەنىدى. بالىنىڭ بارماقلىرى كۈچسىزلىنىشكە، بىلەكلىرىمۇ يەڭگىل تىترەشكە باشلىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا جاھىللىق بىلەن، چىڭكىرىشلىك بىلەن تىركىشەتتى. كىچىككىنە تۇرۇپ نى جاپالارنى كۆرگەن سەھرا باللىرىلا مۇشۇنداق چىداملىق ۋە غەيرەتلىك كېلەتتى.

— بۆرىگە يەم بولۇپ كېتەرمەنمۇ؟!

بالىنىڭ قۇلىقىغا ئانىسىنىڭ نالە-زار قىلىپ يىغلىغان، ئىنى-سىڭىللىرىنىڭ «ئاكا، ئاكا!» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى.

— ياق، مەن دېگەن ئوغۇل بالا، ئاتا بالىسى، ھەققىي ئەركەكنىڭ!

بىراق ئۇنىڭ تېنى ئىرادىسىگە باقمايۋاتاتتى. چىدام، غەيرىتىنىڭ ئاخىرقى چەككە يېتىپ قالغانلىقىنى بالا ئېنىق ھېس قىلدى.

— ھەي، مۇشۇ تاپتا ئارسلانىم بولغان بولسا-ھە!

يېقىنلا يەردىن دادىسىنىڭ چاقىرغان، ئارسلاننىڭ غەزەپ بىلەن ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇستىنى بېسىپ تۇرغان بۆرىمۇ قانداقتۇر بىر غايىب كۈچ بىلەن قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كەتكەندەك قىلاتتى...

بالا قۇلاق تۈۋىدىلا ئاڭلىنىۋاتقان ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازدىن، يەنە ھاسىرىغان، خىرىلدىغان تونۇش ئاۋاز، قانداقتۇر بىر ھۆل نەرسىنىڭ يۈزىگە شالاپلىتىپ يەڭگىل ئۇرۇلۇشىدىن ئەندىكىپ ھوشىغا كەلدى. دادىسى ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇراتتى. ئارسلىنى بولسا توختىماي ئۇنى يالاۋاتاتتى، يۈزلىرىنى، تىتىلىپ كەتكەن بەدەنلىرىنى، ھەتتا ئىچ-باغرى، يۈرىكىنىمۇ تەڭلا يالاۋاتقاندەك قىلاتتى. بالا بوغۇلۇپ-بوغۇلۇپ ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى، ئورۇق، كىرلەشكەن قوللىرىنى ئارسلاننىڭ بوينىغا چىڭ گىرە سالغانىدى...

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتتى. بالا چوڭ بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن دوستلاشتى. بىراق ئارسلاننىڭ شۇ قەدەر سادىدا، سەممىي دوستلۇقىغا ھېچ نەرسىنى تەڭلەشتۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

### ئەسكى ھىسار خاتىرىلىرى

ئۆزۈڭ كېتىپ قۇيرۇقۇڭلا قالغان، خۇددى زامان ئاراچلىرىدىكى كەچمىش قالدۇقلىرىدەك. ئاياۋسىز تەقدىر يۈرىكىمنى مۇجۇپ، ئىچىم تۇشۇپ، كېۋەز غوزىلىرىدەك چېكىلىپ ئېچىلغانىدا، ئەسلىرىم كەچ كۈزدىكى خازاندەك شىلدىرلاپ ئاستاغىنا ھەر يان چېچىلغانىدا يېنىڭغا كەلدىم. تەنھالىقىم تەنھالىقىڭغا قېتىلغانىدا، بىر مۇقەددەس غېرىبلىقنىڭ سايىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئەتراپىڭدا ئېگىز بىنالار، ئاسفالت يوللار، كۆرەڭ ماشىنىلار، مەئىشەتتىن باشقىنى ئۇنتۇغان بىر توپ ئادەملەر، يەنە باشقا ئادەملەر...

— ئاكا، نېمىگە قاراۋاتىسىز؟

هوشى چىقىپ كەتكەن كىشىدەك قېتىپ قالغان تۇرقۇمدىن سونۇرقىغان ئىككى بالا تەئەججۈپلۈك قارا كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇراتتى.

— ھېچنېمىگە.

— شۇنچە مەئىشەتلەر ئىچىدىن، شۇنچە گۈزەل دۇنيا ئارىسىدىن ساڭا مەپتۇن بولغىنىم قىزىق. بىلمىدىم، نە ئۆيدىسەن، نە خىيالدىسەن؟!

قايرىلىپ باللارغا قارىدىم، سېنىڭ يېنىڭدا، سېنىڭ سايەڭدە، سېنىڭ ئۆتمۈشۈڭ بولۇپ كەتكەن باغرىڭدا چوڭ بولغان ناتىۋان باللارغا.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— تۇمارىس.

— مېنىڭ ئىسمىم تەڭرىقۇت.

يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى. نەپسىم قىسىلىپ، قېنىمنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىمدا كۆۋەجىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇپتىمەن. ئەسكى ھىسار، ئۇنىڭ يېنىدا ئويناۋاتقان ئىككى سەبىي قارا كۆز. ئۇنتۇلۇۋاتقان، ئۇنتۇلغۇلۇۋاتقان تارىخ. مەيلى مەن نېمە دەي، مەيلى قانداق ئويلاي، مېنىڭ ۋاقتىم ئۆتكەندەك قىلاتتى. مېنىڭ غايىلىرىم، مېنىڭ ئەقىدىلىرىم، ئوي - ئازابلىرىم، دۇنياغا ئېغىر - ئېغىر تەرزدە باققان مۇڭلۇق كۆزلىرىم... ھەممە، ھەممە نەرسەم، مۇشۇ كونا ھىساردەك نەزەردىن يىراقتا قالماقتا ئىدى. شۇنداق ئاسانلا چۆرۈلۈپ كېتەرمەنمۇ؟! ئۇنتۇغاق ئادەملەر ھېچقانچە ئايانمايلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەرمۇ؟! كۆيگەنلىرىم، كۆيۈۋاتقىنىم ئېسىمدە. شۇنچىلىك يالغۇز، شۇ قەدەر غېرىبلىقىمنى ئاخىر تونۇپ يەتتىم.

يالغۇزۇم، يالغۇز تېرەكنىڭ يانىدا ياتۇرمۇسىز،
مىڭ تىكەننىڭ دەردىنى، بىر گۈل ئۈچۈن تاتۇرمۇسىز.

سۈكۈت باشلانغان، يوللار ئاخىرلاشقان. بەلكىم، سېغىنغىنىم بوۋامنىڭ ھىدى؛ بەلكىم، ئويلايدىغىنىم ئات يىلى.

گۈگۈم يېيىلماقتا، كېچە قاناتلىرىنى يايغاندا ھەممە نەرسە كۆزدىن غايىب بولدى، پەقەت قۇلىقىمدا قەدىمىي سادا.

## قەلبكە كىرىش ۋە قەلبتىن چىقىش [10]

(شائىر سەمەت ئابدۇراخمان قوچىغۇننىڭ شۇ ناملىق شېئىرلىرىغا ئىقتىباس)

غېرىبانە خارابىلەر ئۆز سەلتەنەتلىرىنى سېغىنىپ لېۋىنى تامشىغاندا، پەلەك چەرخىدە خازان بولغان پەسىللەر مەيۈسكىنە كۆزىنى ياشلىغاندا، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر يۈرەك ئىچىدىكى يالقۇنغا پايلىماي زامان قوقاسلىرىغا ئۆزىنى تاشلىغاندا، بىز قەلبكە كىردۇق.

شائىرلىقنى بۇرچ دەپ تونۇغان بىر كىشى ئۆز يۇرتىنى قولىدا كۆتۈرۈپ، بىزنى يورۇق ئاراللارغا باشلىغاندا، باغرى-باغرىلىرى يارىغا تولغان بىر غېرىب سەۋدايى ئاشىق جاراھەتلەنگەن تېنىنى سۆرەپ تەلۋە قىيانلارنى قاشلىغاندا، سۈزۈك ۋە سۈيۈق شەبنەم تاشتىن ئۆتۈپ مەزمۇت سەندەلنى ئېزىپ تاشلىغاندا، بىز قەلبكە كىردۇق.

بەرھەق، ئەسلىدە رېئاللىق قىيالىرىغا سوقۇلغان تەن پارە - پارە بولغاندا «قەلبكە كىرىش» ئەڭ ئاقىلانە يول بولسا كېرەك. شېئىر ئۆز پايانىغا بىر قەدىمىي قوۋمنىڭ ھەننىۋارىنى سىغدۇرۇپ بولغان، كەتمىشىنى، كەلمىشىنى، مەيۈسكىنە جىلمىيىپ تۇرغان ھازىرىنى...

بۇ تالانتمۇ، بۇ ئىستىبداتمۇ ياكى بۇ ئۆچمەس ئىزلارنى، يورۇق مەنزىللەرنى بىزگە قايتا پىرىسلاپ بېرىۋاتقان ئۇلۇغۋار بىر ھاياتمۇ؟!

ئەي، ساداسىز دۇنيا، ئەي، ئىنكاستىن مەھرۇملانغان ئۇيغۇر ئوقۇرمەن، لېۋىمىزدىن چۈشۈپ قېلىشقا ئارانلا قالغان ئويناق، جەزبىدار، سەلكىن شامالدەك ئارامبەخش ئۇيغۇر تىلى ئۆز مەنە كەڭلىكلىرىدىن ھالقىپ، قۇلۇلە ئىچىدىكى مەرۋايىتتەك پىشىپ، ئۆز جۇلاسى، بىباھا نەرقى ۋە مەپتۇنكارلىقى بىلەن جاھان زەردارلىرىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغاندا، بىز قەلبكە كىردۇق.

ئەلقىسسە، تەركىدۇنيا بىر سائىل كېلىپ دانىشمەندىن سورىدى:

— ئۇلۇغلۇقنى قايدىن ئىزدەيمەن؟

— ئۆز ۋۇجۇدۇڭدىن ئىزدە، — دەپ جاۋاب بەردى دانىشمەن.

دەرھەقىقەت، قەلب بىر تىلسىم، بىز ئەنە شۇ تىلسىمات دۇنياسىغا كىرىپ قالدۇق. ھەممە تىلسىملانغان، بەھەيۋەت ئاقباش تاغلار، جەننەت مىسالى باغلار، ئۆركەشلەپ ئاققان ئېقىنلار، پايانسىز، سىرلىق جەزىرىلەر، ئاسمان بىلەن قۇچاقلاشقان توغراقلار... بىر باھادىر ئالدى تۇياقلىرى بىلەن كۆكنى چاپچىپ، سوزۇپ كىشنەۋاتقان ئارغىماق ئۈستىدە تاش ئابىدىلەردەك قېتىپ قالغان؛ چۈنكى، ئۇمۇ تىلسىملانغان...

دىگەر ۋاقتى ئۆتۈپ گۈگۈمغا كىرگەنلىكىمىزنى سەز-

مەيلا قالدۇق. تىمتاسقىنا كېچە. قاناتلىق سۇلارنى كەچتۇق، بېھوش داۋانلاردىن ھالقىدۇق. تورۇق ئاتقا ئېگەر بولغان ئاق بۇلۇتلارنى، بېشى كۆككە تاقاشقان قو- مۇشلارنى، سېھىر بىلەن جىگەر رەڭگە كىرگەن قوڭۇر تاش- لارنى كۆردۇق. يۈرىكىمىزدە پىنھانغىنا شاۋقۇنلاۋاتقان يېشىل رەڭ، چېقىۋاتقان چاقماقمۇ، سىملداپ يېغىۋاتقان يامغۇرمۇ يېشىل؛ ئۇ ئەتىيازنىڭ تىنىقى، باھارنىڭ ھىدى، بىز تەلپۈنگەن، تەلپۈنۈۋاتقان.

تومۇر يىلتىزىغا تىغ تەگكەن ئەسىرلىك گىياھلارنىڭ قېنى شىرىلداپ ئاققىنىدا گۈگۈم باغرىدا ئۆركەشلىدىم. قېنى، ماڭا دوستلۇق قولىنى سۇنالايدىغانلار؟! ۋاپا گۈلشە- نىدە مېنىڭدىن بەزگەن نەرسىلەر ئاز بولدىمۇ؟! شاماللار يۇم - يۇم ياش تۆككىنىدە بۇلۇق كىرپىكلىرىم مەيىنگىنە شىلدىرلىدى...

ئۆرۈلۈپ باللارغا قارىدىم، شۇ قەدەر ئۇماق، مەسۇم باللارغا؛ چوكانلىرى ئېگىپ، چۆنقىنى ئات قىلىپ ئويناۋاتقان باللارغا. ئۇلار مىنگەن ئاتنىڭ تاراقلىغان تۇياق ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرگەندەك بولدى، شۇنچىلىك مەزمۇت، شۇ قەدەر ھەيۋەتلىك.

ئىلاھىي نۇر ۋۇجۇد ئالەمدىكى يەنە بىر گۈزەل دۇن- ياغا چېچىلماقتا ئىدى. سۈبھى كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى.

## دۈشمەن

سەپەردە ئىدۇق، بىراۋ مەندىن سورىدى:

— دۈشمىنىڭ بارمۇ؟

— يوق.

— راستلا يوقمۇ؟

— دۇنياغا ۋە ھەممىگە دۈشمەنلىك نەزەرىم بىلەن قارىغۇم يوق، شەخس سۈپىتىدىكى دۈشمىنىممۇ يوق.

— ئەمىسە سىنى ئادەم ھېسابلىغىلى بولمىغىدەك...

شۇ چاغدا ئۇزاق يىللار بېسىقىپ ياتقان ياۋايىلىقىمنىڭ ئۆرىدەپ قوپقانلىقىنى، دۈشمەندىن خالىي كۆڭلۈمگە تە- رەپپالا دۈشمەنلىك ئۇرۇقى چېچىلغانلىقىنى بىلدىم، گەرچە بۇ ئىشلارغا رايىسىز بولسامىمۇ، پەقەتلا خالىمىسامىمۇ.

ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ ياكى شۇنداق ئوخشىتىۋال- غاندىمىز. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ھايات بىزنى كەچكىمىز يوق كىچىكلەردىن كېچىشكە، ئېچكىمىز يوق نەرسىلەرنى ئېچىشكە، يىغلىغىمىز كەلگەندە يىغلىماسلىققا، كۈلگىگە پەقە- تلا رەۋىتىمىز يوق چاغدا كۈلۈشكە مەجبۇرلايدىغان ئوخ- شايدۇ.

ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزۈپ، تەقسىمات ئۇقتۇرۇشىنى كۈتۈۋېتىپ تەقسىملەنگەن ئىدارىگە بارغىنىمدا، ئىدارە باش- لىقىنىڭ:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا ياخشى ئوقۇپسىز. بىراق مېنىڭ دەيدىغىنىم، ئىدارىدە مېنىڭ پېيىمدىلا يۈرىدىغان، غەيۋەتچىلا قىلىپ يۈرىدىغان بىرى بار. سىز ناۋادا مۇشۇ ئىدارىدە ئىشلەپ قالاي دېسىڭىز، ئۇ مېنى ئىشخانىدا، سىرتلاردا نېمە دەۋاتىدۇ، كىملەرگە نېمە دېدى، مۇشۇلار- نى ماڭا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇڭ...

يەنە شۇ دۈشمەننىڭ گېپى. دۈشمەن بولمىسا، دۈشمە- نىمىز بولمىسا راستلا بولماسمۇ؟ رىقابەت ئېڭىمىز بىراقلا تۆۋەنلەپ، بۆرىسىز بىغەم پادىغا ئوخشاپ قالارمىزمۇ؟!

ئېڭىمدا ئۆچمەي تۇرۇۋاتقىنى، بوۋام ئېيتقان رەقىب- نىڭ باياني.

قەدىمدە بىر قاراقچى بولغانىكەن. تاغ - تۈزنى پاناھ قىلىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى بۇلاش، ئۆلتۈرۈش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. ئۇنىڭ سېسىق نامىنى ئاڭلىمىغان خان، ئۇنىڭ نامىدىن ئۈركمەيدىغان بىرەر جان يوق ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ تاغ ئارىسىدىن بىر كارۋان ئۆتۈپتۇ. نېھايەتكى، قاراقچىغا دۇچ كەپتۇ. ھەممە ئاتلىرى- دىن چۈشۈپ قاراقچىغا باش ئۇرۇپ جېنىنى تىلەپتۇ. پەقەت پەرىشتە سۈپەت، نۇرانە بىر بوۋاي ئېتىدىن چۈشمەي، غەزەپ بىلەن قاراقچىغا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ.

قاراقچى ئېيتىپتۇكى:

— ھەي، جېنىدىن تويغان قېرى، ئاتتىن چۈشۈپ ماڭا سالام قىلماسمەن؟ ياكى مېنىڭ نامىمدىن خەۋەرسىزمۇ سەن؟!

— خەۋىرىم بار، — دەپتۇ بوۋاي، — ئىككى دۇنيا- لىق لەنەتگەردى بولغىنىڭدىن خەۋىرىم بار! ياخشى ئاتى- دىن، بىر مېھرىبان ئانىدىن سېنىڭدەك پاسىق ئىنساننىڭ تۇغۇلغانلىقىدىن خەۋىرىم بار!...

ھېچقاچان ھودۇقۇپ، قورقۇپ باقمىغان قاراقچى ھو- دۇقۇپ قاپتۇ، سۆز ئېچىدە ئانىسىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن ھودۇقۇپ قاپتۇ. ئۇ دۇنيادىكى ھەممىنى دۈشمەن بىلىدىكەن- يۇ، رەھمەتى ئانىسىنى شۇ قەدەر سۆيەر ئىكەن.

قاراقچى غەزەپتىن تىترەپتۇ، قولى قىلىچنىڭ دەستىسى- گە نەچچە بېرىپ، نەچچە قايتىپتۇ. ئاخىر ھۆكىرەپ يىغلاپ تاشلاپتۇ. ئېيتىپتۇكى:

— ھەي، نۇرانە بوۋاي، ساڭا نېمە دېسەم بولار. ھېچ نەرسىدىن قورقار ئەمەس ئىدىم، ھېچ نەرسىدىن ئەيمەنەر ئەمەس ئىدىم. ساڭا تەسلىم بولدۇم، ئانامنىڭ ھەققى ئۈچۈن. قاراقچىلىق ھاياتىمدا نۇرغۇن ياخشى كىشىلەرنى قىلىچ ئاستىغا ئالدىم، كۆپ گۇناھ قىلدىم. ئېيتقىنا، تەڭرى مېنى كەچۈرەرمۇ؟

— كەچۈرىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي، — قاراقچىلىق يولۇڭدىن يانغىن. ياخشىلىقنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلغىن. مۇساپىر، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلىغىن. شۇندىلا تەڭرى گۇناھىڭدىن ئۆتسە ئەجەب ئەمەس.

— ماقۇل، ئېيتقىنىڭچە بولسۇن، بىراق تەڭرىنىڭ مېنى كەچۈرگەنلىكىنى قانداق بىلەلەيمەن؟

— گۇناھتىن ساقىت بولغىنىڭدا، سەھەر پەيتى بىر قۇش كېلىپ، تۇرار جايىڭنىڭ ئۆگزىسىگە قونۇپ شۇنداق سايرايدۇكى، ئۇنىڭ خۇشناۋاسىدىن دىلىڭ ئېرىپ سۇغا ئايلىنىدۇ. شۇ چاغدا گۇناھىم ساقىتكەن دەپ بىل.

بوۋاي چۈشكەن كارۋان نۇرغۇن ھۆرمەت - ئېھتىرام، سوۋغا - سالاملار بىلەن كېتىپ قاپتۇ. قاراقچىمۇ باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. يىغقان دەپىي - دۇنياسىنى غېرىب - غۇرۋالارغا بېرىپتۇ. غۇربەتتە قالغانلارنى ئۆز پاناھىغا ئاپتۇ. شۇ تەرزدە ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، لېكىن خۇشناۋا قۇشتىن ئەسەر بولماپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ جايدىن بىر ئاتلىق كىشى ئۆتۈپتۇ. قاراقچى ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ ۋە دەپتۇكى:

— ئەي يولۇچى، ياخشى نىيىتىمگە يەتكۈزگىن. تاغ - تۇرايىمدا بىر كېچە بولسىمۇ قونۇپ، لەززەتلىك تائاملىرىمغا ئېغىز تەگكىن، سەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋالاي. تەڭرى مۇشۇ خەيرلىك ئىشىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرسە ئەجەب ئەمەس.

يولۇچى دەپتۇ:

— جىددىي ئىش بىلەن يولغا چىققانمەن، ئالدىمنى توسۇما.

قاراقچى يەنە يالۋۇرۇپتۇ، بولماپتۇ. قايتا - قايتا يالۋۇرسىمۇ ئۇنۇمى بولماپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يولۇچىنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇپ بەرمەپتۇ. غەزەپلەنگەن يولۇچى قامچىسى بىلەن ئۇنى بىئىختىيار ساۋىداشقا باشلاپتۇ. قامچا ئازابىدىن قاراقچى ئەسلىي پەيلىگە يېنىپتۇ، خۇنخورلۇقى تۇتۇپتۇ - دە، قىلىچ بىلەن يولۇچىنى پارە - پارە قىلىپ تاشلاپتۇ. يولۇچىنىڭ ھەمىيىنىدىكى تىللالىرىمۇ قان ئارىلاش ھەر يان چېچىلىپتۇ. قاراقچى سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، ھەميان ئىچىدە يەنە بىر تۈگۈنچەك تۇرغۇدەك. ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆز ئېلىنىڭ خەرىتىسى، لەشكىرىي ئەھۋالى ۋە ھەممە مەخپىيەتلىرى پۈتۈلگەن، قارشى ئەلگە ئېلىپ مېڭىلغان بىر پارچە خەت ئىكەن. شۇ چاغدىلا قاراقچى ئۆز ئېلى بىلەن باشقا ئەلنىڭ ئۇرۇشۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ. بىراق بۇ ئىشلارنى ئويلاشقا رايىسىز، ئۆزىنىڭ يەنە گۇناھ سادىر قىلغانلىقىدىن قايغۇرۇپ، ياتار جايىغا قايتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

بىر چاغدا قاراقچى شۇ قەدەر مۇڭلۇق ۋە خۇشناۋا سايرىغان قۇشنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. تالاغا چىققۇدەك بولسا، جەننەت يۈزلۈك بىر قۇش ئۆگزىدە زوق - شوق بىلەن سايراۋاتقۇدەك...

ھېكايىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئورنى بارمۇ؟ ئەقىللىق ئوقۇرمەننىڭ بۇنى بىلگۈچىلىكى بار.

تۇيۇقسىزلا «قارا يۈز» ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. قاچانلاردىدۇر بىر قەلەم ساھىبىنىڭ قارا يۈز ھەققىدە چاتما نەسىر يازغانلىرىنى ئەسلىدىم. نېمانچە ساددىمەن - ھە؟ چىن دىلىمدىن كۆيگەنلىرىم، مېھىر بەرگەنلىرىم، يىقىلغاندا ھېسداشلىق قىلغانلىرىم.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قارا يۈزنىڭ دىلىمۇ قارا بولارمىش، ھەممىگە قارا يۈزلۈك قىلارمىش، ھەممىنى دۈشمەن بىلەرمىش. سالغان داستىخانلىرى، قەسىدە - قوشاقلىرىغىمۇ غەرەز مەكىرلىرى يوشۇرۇنغانمىش...

مەيلى نېمىلا بولسۇن، دۇنيا مۇھەببەتنىڭ مېۋىسى، مۇھەببەتتىن كۆكلىگەن. ئۇ يەنە سۆيگۈ - مېھىر بىلەن، دوستانە قەلبلەر بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ.

### ياخشىلىق

ياشانغان بىر كىشى يول بويىغا كۆچەت تىكىۋاتسا، بىر يىگىت كېلىپ سوراپتۇ:

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— كۆرۈپ تۇرۇپسەن، كۆچەت تىكىۋاتىمەن.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— 90 گە.

يىگىت ھەيرانلىق ئىچىدە يەنە سوراپتۇ:

— بۇ كۆچەت قاچان ئەي بولۇپ، قاچان مېۋىگە كىرىپ بۇنىڭ لەززىتىنى تېتىغۇچە، بۇ قېرى جېنىڭىز تېنى-

ىمىزدە ئامان تۇرارمۇ؟ بىھۇدە ئاۋارە بولۇپسىز، ئىست!

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ تەرى تۈرۈلۈپتۇ.

— ھەي، نادان يىگىت، مەن يېدىم، بوۋام تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى؛ كېيىنكىلەر يەيدۇ، مەن تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى. شۇنى بىلگىنكى، مەن بۇ كۆچەتنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، كېيىنكىلەر ئۈچۈن تىكىۋاتىمەن.

شۇنداق، ھەممە بىزگە تەئەللۇق ئەمەس، ئۇنىڭدا بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ مېھنىتى، كېيىنكىلەرنىڭ ھەققى بار. بىزنىڭ ئىلكىمىزدىكى يەر بىزنىڭلا يېرىمىز ئەمەس، كېيىنكىلەرگىمۇ پۇت قويغۇدەك، مۇساپىرەت كوچىلىرىدىن قايتقاندا «ئۇھ» دېگۈدەك ئالقانچە بولسىمۇ زېمىن قالسۇن!

بەردەم ئۆسكەن ئۈجمە سايىسىدە ئولتۇرۇپ مېۋىسىدىن لەززەتلەندىم. كىملەرنىدۇر ئەسلىدىم، خۇشنۇدلۇق بىلەن، ئېھتىرام بىلەن.

نىھايەتكى، ياخشىلىقنىڭ يىلتىزى ئاچچىق، شاخلىرى مېھنەتلىك، مېۋىسى شەربەتلىكتۇر.

ئەي، ياخشىلىق قىلغۇچى، ياخشى خۇلقى، ھەركىتى بىلەن دىللارنى مۇھەببەت كەۋسىرى بىلەن سۇغارغۇچى، ئاق يول بولسۇن ساڭا!

نەزم:

ياخشىلىق قىل، ياخشىغا سەرۋەر كىشى،
ياخشىلىق كەۋسەر، ئاقار يازۇ-قىشى.

## ئاق ۋە قارا

سەن ماڭا ئاق يول تىلىدىڭ، ئاپپاق دىلىڭدىن تەپچەرىگەن سۈزۈك شەبنەملەرنى كۆردۈم. ئايدەك يۈزۈڭنى سېغىنغىنىمدا، يورۇپ كېلىۋاتقان ئاقۇچ تاڭلارغا باقتىم. ئاق كېچىلەر، ئايدىڭ كېچىلەر، ۋۇجۇدىمىز يېڭىلا چۈشكەن قاردەك ئاق. ئاپپاق بارماقلىرىڭ ھاياتىمغا ئاقلىق بەخش ئەتتى. ئاقلىق — ئۇ پاكلىققا تەققاس؛ ئاقلىق — ئۇ ھاياتنىڭ بىز تەلپۈنگەن يۈزى. سەپەر ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى، بىغۇبار قەلبلەر ھەرنە رەڭدە بويالغانلىقىنى، بويىلىۋاتقانلىقىنى تېڭىرقاش، ئېسەنكىرەش ئىچىدە ھېس قىلدۇق. بىز ئاقلىقنى نەقەدەر سۆيەتتۇق-ھە؟!...

ھەزرىتى ئادەم زۇلمەت ئىچىدە قالدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت ئىچىدە زۇلمەت. ئۇ بۇ زۇلمەت ئىچىدە قانچىلىك يۈردى، قاي جاپالارغا دۇچار بولدى، بۇ ھەممىگە پىنھان. ئۇ بىر تال قوۋۇرغىسىنىڭ يەڭگىل تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئىچ-ئىچىدىن بىر يورۇق نۇرنىڭ بالقىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ھەۋۋا ئىدى. جاھان ئاقلىققا تولدى، سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىشقا، گۈللەر ئېچىلىشقا، قۇشلار خۇشناۋا ئاۋازى بىلەن سايراشقا باشلىدى. ھەممە يەر ئاقلىق — نۇر بەھرىگە چۆمۈلدى...

ئاپپاق قارلار ئاق پېتىچە تۇرسىكەن دەيمەن؛ ئاق دىللار مەڭگۈ كىرلەشمىسىكەن دەيمەن. بىراق نە ئامال، ئاستىمىز تۇپراق، ئۆزىمىزمۇ تۇپراقتىن ئاپىرىدە بولغان، ئۇ توزۇيدۇ، سورۇلىدۇ، ئاقلىق يۈزىگە ئۆز توزۇندىلىرىنى بەخشەندە قىلىدۇ.

كىچىككىنە قىزىمدىن سورىدىم:

— قايسى رەڭنى ياخشى كۆرىسىز؟

— ئاق رەڭنى.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى ئانامنىڭ يۈزلىرىمۇ ئاق تۇرسا.

توغرا، مېھىر ئاقلىققا ئوخشايدۇ، نۇرغا ئوخشايدۇ. بالىنىڭ ئانىسىغا تەلپۈنگەن يۈرىكىدە ئاقلىق، ئانىنىڭ بالىغا تۆككەن سۆيگۈسىدىمۇ ئاقلىق.

كېچە قاراڭغۇ بولىدۇ، بىراق ئۇ سۈبھىگە ھامىلدار، ئاقلىق ئىچىدىكى كۈندۈزنى تۇغىدۇ. ئۇنداقتا كۈندۈزچۇ؟ بەربىر ئاخىر قاراڭغۇلۇققا باش قويىدۇ. نىھايەتكى، زۇلمەت — ئۇ ئاقلىقنىڭ يىلتىزى، ئاقلىق — ئۇ زۇلمەتنىڭ تەۋەللۇت ئەيلىگەن گۈلى.

بىر تال قوۋۇرغامنىڭ يېنىككىنە تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدىم، ئىچ-باغرىمدىن، يۈرىكىمدىن بىر نۇر بالقىپ چىقىۋاتاتتى.

## ئادەمسىز دۇنيا

شۇۋىرغان ھۇۋلاۋاتاتتى. ئاسمان گۈمبىزى مېھىرسىز قەلبتەك قارىداشقا باشلىدى. قىياغا ياندىشىپ ئۆسكەن دەرەخ ئۈستىدىن چۈشەلمەي ۋارقىراشقا باشلىدىم.

— ئادەم بارمۇ؟ ماڭا ياردەم قىلىڭلار!

دەرەخ ئاستا-ئاستا يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ، قىيا تەرەپكە قىڭغىيىشقا باشلىغاندا ئەسەبىيلەرچە يەنە ۋارقىرىدىم:

— ئادەم بارمۇ؟!

قانداقتۇر بىر غايىب كۈچ بىلەن دەرەخ ئۈستىدىن چۈشۈۋالدىم. يېنىمدا رەھمەتلىك دادام قاردەك ئاپپاق ساقاللىرىنى سىلاپ ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ.

— بۇ يەردە ئادەم قالمىغىلى خېلى ئۇزاق بولدى

بالام، «ئادەم بارمۇ؟» دېمەي، «دادا» دەپ چاقىرساڭچۇ!...

چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، قارا باسقاندىكى قورقۇنچ ئارىلاش بىپايان ھىجرانغا كۆمۈلۈپ قالدىم.

راست، ئاشۇ كۈنىمۇ قار ياغقان. قار بىلەن قاپلانغان ئاقلىق ئىچىدە، قاردەك لەھەتكە ئورالغان، قاردەك ئاق ساقال دادامنى ئۇزىتىپ قويغان، يىغلاپ تۇرۇپ، قات - قات ئازابلاردا تۆكۈلۈپ تۇرۇپ. مېيىتنى ئۇزاتقان چاغدىكى توپ - توپ توپا چىراي ئادەملەر، نەدىندۇر پەيدا بولغان توپ - توپ ياۋا كەپتەرلەر...

ئايرىلىپ قالدىم، دۇنيادىكى مەن ئۈچۈن بىردىنبىر غەرەزسىز سەممىي مۇھەببەتتىن.

ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇيقۇسىز كېچىلەردە ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىياللارغا كۆمۈلۈپ قالىمەن. راستىلا يېنىمدا ئادەم قالمىغانمىدۇ؟! قايسىدۇر بىر چاغلاردا «ئوڭ - سولۇم ئۇيغۇر بىتەھقىق ۋە لېكىن، قالدىما بۇ كۈندە بەك ئۇيغۇر- سىراپ»، دەپ يازغىنىمدەك، شۇنچە ئادەملەر ئارىسىدا يېگانە، غېرىب بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟!

يوللار راۋانلاشقان، ئۆمۈچۈك تورىدەك يېڭى يوللار بىر شەھەردىن بىر شەھەرگە، بىر مەھەللىدىن بىر مەھەللىگە، بىر ئۆيدىن يەنە باشقا ئۆيلەرگە تۇتاشقان؛ بىراق قەلبتىن قەلبكە يول يوق، بۇزۇۋېتىلگەن، ئېتىۋېتىلگەن، ھەممىگە سايە بولغان، ھەممە دەردۇ - جەبىرلەرگە پايە بولغان ئەنئەنە دەرىخى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغان...

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى، شۇۋىرغان ھۆركىرەۋاتاتتى، سوغۇق كىشىلەرنىڭ تېنىدىن ئۆتۈپ يۈرىكىنىمۇ مۇزلىتىۋەتمەكچى بولغاندەك بارغانسېرى ئەدەۋاتاتتى. ياشانغان بىر بوۋاي جالاقلاپ تىترىگىنىچە كېلىپ بىر دەرۋازىنى چەكتى:

— بالا پىراقىدا مۇساپىر بولغان قېرىمەن، بىر پىيالە ئىسسىق چاي بەرگەن بولسىلا، ئازراق ئىسسىنىۋالسام!

ئۆيدىن سادا چىقمىدى، سادا چىقىدىغاندەكمۇ ئەمەس ئىدى. دەرۋازا يەنە بىر قېتىم چېكىلدى.

— ئەمدىلا يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن بەرنا ئوغلۇمنىڭ دەردىگە مۇپتىلا بولغان قېرىمەن، بىر چىنە ئىسسىق...

بوۋاينىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى بارغانسېرى قۇتراۋاتقان شۇۋىرغان ئاۋازىغا قوشۇلۇپ كەتتى. قارىغاندا، بوۋاي بۇ كوچىدىكى ھەممە ئىشىكلەرنى چېكىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى مۇشۇ دەرۋازىغا باغلىغاندەك قىلاتتى.

دەرۋازا ئۈچىنچى قېتىم چېكىلگەندە، ئىشىكنىڭ جالاقلاپ ئېچىلغان، كەينىدىنلا غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغان، كىملەرنىدۇر ئەڭ قەبىھ، ئەپسانە تىللار بىلەن تىللىغان ئاۋاز دىگەردىن كېيىنكى قىش ئاسمىنىدا لەيلەپ قالدى، قىياسىمچە، ئۆيدە راستىلا ئادەم قالمىغاندەك قىلاتتى.

چۈشۈمدىكى دادامنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدا قايتا زاھىرلىنىشقا باشلىدى، ئايدەك سۈزۈك، كۈندەك روشەن.

## يارالمىش

ناھايىتى كۆرۈمسىز بىر كىشى بار ئىدى. بىراۋ ئېيتتى:

— نېمانچىلا بەتبەشىرسەن. بۇ تۇرقۇڭدىن ئەيمەنمىدىڭمۇ، ئازابلانمىدىڭمۇ؟

ئۇ كىشى ئېيتتى:

— يارالمىشىم شۇنداق. سەن كىمگە ئەيىب قويماقچى، ياراتقۇچىغىمۇ ياكى يارالغۇچىغىمۇ؟!

يارالمىشىم شۇنداقمىدۇ، ھەر ئەسنا ئوي - ئازابلارغا ئەسىرمەن. ئۆتمۈش جاراھەتلىرى مېنى قىينايدۇ، كەلمىش تەشۋىشلىرى يۈرىكىمنى تىلغايدۇ، كىتاب ۋاراقچىلىرى ئارىسىغا دەپنە قىلىۋېتىلگەن قەبرىلەر ماڭا ھاياتىمدىن ئېشىپ قالغۇدەك ئىبرەتلەرنى يوللايدۇ.

بىر ئەۋلىيا دەريا بويىغا كېلىپ، بىر توپ بالىلارنىڭ خۇشال - خۇرام سۇغا چۆمۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئارىدا بىر بالا ناھايىتى مەيۇس ھالدا دەريا لېۋىدە ئولتۇرغىدەك. ئەۋلىيا ئەجەبلىنىپ بۇ بالىدىن سوراپتۇ:

— ھەممە دوستلىرىڭ سۇغا چۆمۈلۈۋاتسا، بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرغىنىڭ نېمىسى؟

— تۇغما قارىغۇمەن، كۆزۈم كۆرمەيدۇ.

ئەۋلىيانىڭ ئىچى سىيرىلىپتۇ ۋە تەڭرىگە ئىلتىجا قىپتۇ:

— ئەي تەڭرىم، ھەممىدىن مېھرىبان، ھەممىدىن رەھىملىكسەن. مۇشۇ نارەسىدىگە رەھمەت قىلساڭ!...

ئەما بالىنىڭ كۆزى ئېچىلىپتۇ. خۇشلۇقى ئىچىگە پاتماي قاپتۇ. كىيىملىرىنى سېلىپ سۇغا سەكرەپ چۈشۈپتۇ - دە، يەنە بىر بالىنى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

ئەۋلىيا ھەيران قاپتۇ، ئۆكۈنۈپتۇ، قايغۇرۇپتۇ ۋە دەپتۇكى:

— ئەي تەڭرىم، سېنىڭ يەنە ھەممىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى كەچۈر!...

مەن ھېكايىنىڭ بۇنداق ئاخىرلىشىشىنى خالىمايمەن. بىراق بۇ ھېكايەتتە ئېيتىلىۋاتقان مەنىلەر ھەققىدە ئويلىمايمۇ تۇرالمايمەن.

ئادەم شەيتانغا ئېيتتى:

ــ ئەي، شەيتان لەئىن! سەن ماڭا ۋەسۋەسە قىلمىغان بولساڭ، مېنى ئازدۇرمىغان بولساڭ، مەنمۇ ئەرشتىن پەرشكە چۈشۈپ، بۇ دۇنيانىڭ رىيازەتلىرىنى چەكمىگەن بولسام، نەسەبىممۇ بۇ پانىي دۇنيادا رەنج ـ مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا بولمىغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى. لەنەتلەر بولسۇن ساڭا!

شەيتان ئېيتتى:

ــ ئەي ئادەم، نېمانچە ساددىسەن. مېنىڭ شەيتان بولمىقىم ئۆز خاھىشىممىدى؟ مەن تۆرۈلۈپ تۇنجى رەت كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا، لەۋھۇل مەھپۇزدا «لەنەتگەردى شەيتان» دېگەن خەتنى كۆردۈم.

بۇ ھېكايەتتە بايان قىلىنغىنىمۇ ئوخشاشلا ئەزەلىي تەقدىر ۋە يارالمىش ۋەقەلىرى.

ئۆمەر ھەييامنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى دىلىمنى چالغىتىپ ئۆتتى.

ئەسلىدە لېيىمنى ئەتكەندە خۇدا،
بىلەتتى پەيلىمدىن نە بولار پەيدا.
ھۆكمىدىن تاشقىرى ئەمەس گۇناھىم،
نە ئۈچۈن مەھشەردە بېرىدۇ جازا.
بۇ ئىسيانكارلىقمۇ؟! بۇ ناشۇكۇرلۇقمۇ؟! ۋە ياكى بۇ...

ئايالىمدىن سورىدىم:

ــ مېنى ياخشى كۆرەمسىز، چىن دىلىڭىز بىلەن؟

ــ شۇنداق، سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مەڭگۈگە.

بىز ئادەم (ئەدەم) ــ يوقلۇقمىز. يوقلۇقتىن كېلىپ، يوقلۇققا قايتىمىز. ئەزەلىيلىك ۋە ئەبەدىيلىك بىزگە خاس ئەمەس. مەڭگۈلۈك سۆيۈشكە ئۆمۈر يار بەرمەيدۇ، ھەم كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز خاھىشىمىزغا بېقىۋەرمەيدۇ. بىزنىڭ كىمدىن تۇغۇلۇشىمىز، قەيەردە تۇغۇلۇشىمىز، قايسى ئىرق، قايسى قوۋمدىن بولۇشىمىز... بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا ئەمەس. بۇنى غايە ياكى ئىرادە بىلەن ئۆزگەرتكىلىمۇ بولمايدۇ. بىراق بىزگە يول كۆرسىتىپ بېرىلگەن، توغرا يول، خاتا يول؛ بىزگە تاللاش ئىمكانىيىتى قالدۇرۇلغان، ئۇڭغا مېڭىش ياكى سولغا مېڭىش؛ بىزگە دىل خاھىشى تارتۇق قىلىپ بېرىلگەن، سۆيۈش ياكى سۆيمەسلىك...

بەرھەقكى، بىز تەقدىر ئالدىدا خازان ئەمەسمىز، قۇترىغان بوران ھەر يان ئۇچۇرۇپ، خالىغان بىر گىردابقا مۇپتىلا قىلسا بولۇۋېرىدىغان؛ بىز تەقدىر ئالدىدا ھۆكۈمدارمۇ ئەمەس، ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆز ئىرادە، خاھىشىمىز بىلەن خالىغانچە پۈتەلەيدىغان.

شۇڭا دەيمەنكى، تۆگەڭنى ئىگەڭگە تاپشۇر، بىراق چىلىڭ باغلىغاندىن كېيىن.

**ئىزاھلار:**

[1] ھىسار ــ ھاسار، قەدىمىي شەھەر سېپىلى.

[2] ئۇيغۇر چوققىسى ــ قومۇل تاغلىرىدىكى بىر چوققىنىڭ ئىسمى.

[3] [4] [5] قومۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسىغا قاراشلىق مەھەللە ئىسىملىرى.

[6] ئاق جىڭگىر (ئەركىلەتمە ئىسىم) ــ ئاجىز، مىكر O، بوي تارتمىغان.

[7] ئالا پەشمەت (ئەركىلەتمە ئىسىم) ــ ئالتاغىل.

[8] غۇلەي، غۇلغۇر (ئەركىلەتمە ئىسىم) ــ قۇلىقى كېسىۋېتىلگەن، قۇلىقى يوق.

[9] سوبو (ئەركىلەتمە ئىسىم) ــ تويماس، ئاچپاقا، يوغان قوساق.

[10] مەزكۇر شېئىرلار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئاپتور: «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ــ 0991



مۇتەللىپ سەيپۇللا ئەزىز

# لاي ھەيكەل

(ھېكايە)

«ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش» نامىدا بۇ تاغلىق يېزىغا كەلگىنىمگە تۆت ئايدىن ئاشتى. دەسلەپ كەلگەندىكى ھەممە نەرسە يېڭى، ھەممە ئەتراپ ئۆزگىچە تۇيۇلۇدىغان مەستۇ- مۇستەغرەقلىقىم ئاستا -ئاستا ئۇپراپ تۈگىدى. ھەر چوققىسىدىن بىر ھېكايەت، ھەر ئېقىنىدىن بىر رىۋايەت تۆكۈلىدىغاندەكلا بىلىنگەن بەھەيۋەت تاغ - جىلغىلار نەزەرىمدىكى ئۆز سۈلكىتىنى ئاستا - ئاستا يوقاتتى. ئۇچرىغانلا كىشىگە سالام بېرىدىغان، سالاملاشقانلىكى قويچىدىن بىرنەرسىلەرنى سورايدىغان قىزغىنلىقىمغا كۈيە چۈشتى. ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل زېرىكىش، تىت - تىت بولۇش، كىم ۋە قەيەرنىدۇر سېغىنىش تۇيغۇسى ئەسىر قىلدى. گويا بۇ جاي بىلەن ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنۇم، بۇ يۇرت كىشىلىرى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا پات پۇرسەتتە يېقىنلاشتۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر ھاڭ، نامەلۇم بىر ئارىلىق باردەكلا تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— بارىدىغان جايىڭىز قەدىمي مەدەنىيەتنىڭ ئىزنالىرى روشەن ساقلىنىپ قالغان تاغ ئارىسى، — دېگەنىدى، باشلىقىم مېنى ئۇزۇتاردا، — ئىدارىمىز ئۈچۈنمۇ، ئۆز كەسپىڭىز ئۈچۈنمۇ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسلىي مەنبەلەرنى ئۇچرىتىپ قېلىشىڭىز ئېنىق.

ئەپسۇس، ئۇنداق بولمىدى. قانچە ئىزدىنىشىمگە باقماي، مەن ئىزدىگەن قەدىمي ئەسەر، ئەسلىي قوليازما تۇگۇل بىرەر تاغ ناخشىسىنىڭ ئەسلىي ۋارىيانتىنىمۇ، بىرەر چۆچەكنىڭ مۇكەممەل شەكلىنىمۇ ئۇچرىتالمىدىم. دەل ئەكسىچە، شەھەردە ئاللىقاچان تۇۋلاشتىن قالغان شالغۇت ناخشىلار بۇ يۇرتتا ئەزىزلىنىۋېتىپتۇ. ئۇ جايدا بۇرۇن پۇرۇپ سەسكىنىلىدىغان كوچا - كويدا كېيىپ قىلىش، ئاخشام - كەچلەردە دەلدەڭشىپ يۇرۇشلەر بۇ جايدا بازار تېپىۋېتىپتۇ. ھەممىمىز قوۋزۇمىزنى توشقۇزۇپ ئېيتىدىغان «تاغ خەلقى ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، باتۇر كېلىدۇ» دېگەن باھالىرىمىزنىڭ ئورنىنى بىر خىل قاششاقلىق، كاززاپ - مەككارلىق، ئالا كۆڭۈللۈك ۋە ھورۇنلۇق ئىگىلەپتۇ. دۇمبىسىگە ئاچىماق ئۇچلۇق ئوۋ مىلتىقىنى يۇدۇۋالىدىغان، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىنسى بالقىيدىغان ئوۋ-

چىلىرىمىز قەيەرلەرگىدۇر كۆچۈپ كەتكەندەك، شەھەردە يۈرۈپ خىيالەن كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان چىلىشچى سۆپەت تاغ كىشىلىرىمىز، قولدىكى نەقىشلىك راۋابىدىن، قامچا تاسمىسىدىن يېقىشلىق ئاۋاز چىقىرىپ، قىيا - دۆمبەل- لەردىن سادا قايتۇرۇپ كۆي كۈيلەيدىغان قويچى يىگىتلە- رىمىز ئەمدى تۇغۇلمايۋاتقاندەك قىلىدۇ. نى - نى چىللە جۇدۇنلارنى پوش دەيدىغان ئۈسۈك تۇكلۇك تېرە جۇۋا، مۇز بولۇپ ئۇيۇغان قارنى ئويۇپ - ئويۇپ دەسسەيدىغان قېلىن چەملىك كىگىز پىيما بىز ئۈچۈن ئەمدى پەقەت كە- نولاردىلا كۆرۈش نېسىپ بولىدىغان «كىلاسسىك» تە- ۋەررۇككە ئايلانغاندەك تۇرىدۇ.

— شەرىپىڭىزگە تاغ مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى، سازەندىلىرىمىزنىڭ ئۆزگىچە ماھارىتىدىن بەھىر ئالغاچ، تاغ خەلقىنىڭ بەختىيار، زامانغا ماس مەدەنىيىتىدىن ھۇزۇرلىنىڭ.

يېزا باشلىقىنىڭ شۇ گېپى ھېلىمۇ ئېسىمدە. شۇ كۈنى مەن ئۈچۈن بەك تەستە كەچ كىرگەندى. كەچ كىرسە، تولۇن ئاي ئاۋۇ قار لىباسلىق چوققىغا قونسا، دۆۋىلەنگەن قۇچاق - قۇچاق بەقەم، سۆكسۆكلەر چاراسلاپ كۆيۈپ، گۇلخان ئوتى چوققا بىلەن تەڭداش پەرۋاز ئەيلىسە، قۇلاقىغا ئەمەس يۈرەككە ئېقىپ كىرىدىغان ياڭراق تاغ ناخشىسى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىلەپ...!

زارىقىپ كۈتكەن كەچ ماڭا نېسىپ بولغىنىدا خىيالىم- نىڭ خىيال پېتى، ئارزۇيۇمنىڭ ئارمان پېتى ھەسرەتكە ئاي- لىنىپ، ۋۇجۇد چۆلۈمگە كۆمۈلىدىغىنىنى نەدىن بىلەي! ھەيران - ھەسلىكىمدىن بارمىقىمنى شوراپ، ياقامنى چىشلەپ ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتىدىغىنىمنى نەدىن بىلەي؟!

چۈنكى، ئۇ كۈنى ماڭا مەن كۈتكەن مەشرەپ نېسىپ بولمىدى. مەن كۈتكەن گۇلخان، مەن كۈتكەن چاراسلى- غان ئوت كېيىنكى كۈن، كېيىنكى ئايلاردىمۇ نېسىپ بولمى- دى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىس بىلەن سىرلانغاندەكلا بىلىنگەن تۈگلۈك - دېرىزىسىز قاپقارا ئۆيگە جەم بولغان بىر توپ ئالا تاغىل ئاۋازلىقلار، بىر قوتان مەست زابويىلار كۆپ قېتىم نېسىپ بولىدى. دەمبۇدەم زورلىنىۋاتقان يۇقىرى گ- رادۇسلۇق ھاراق، قېلىن گىيزت قەغىزگە توم - توم ئورۇ- لۇپ، قولدىن قولغا ئۆتۈپ چېكىلىۋاتقان موخوركا تۈتۈنى كۈنمۇكۈن نېسىپ بولىدى. ئاھاڭىمۇ، كۈي ئەۋجىمۇ، بىر چىرايلىق تېكىستىمۇ بۇزۇلغان شەھەر ناخشىلىرى (ئەگەر بۇنى ناخشا دەپ ئاتاش ئەسلى ناخشىلارغا ھاقارەت ھې- سابلانمىسلا) «ۋاي دات!» دېگۈچە نېسىپ بولىدى. تىل - ھاقارەت تۈننى تولۇق كەيگەن قىيپالىڭاچ يۇمۇر - چاق- چاقلار (ئەگەر بۇلارنى يۇمۇر - چاقچاق دەپ ئاتاش مۇم- كىنلا بولسا) بۇرنى - قولۇقۇمدىن چىققۇچە نېسىپ بولىدى!

پەندىيات ۋە مەندىن كېيىن بۇ جايغا ئېزىپ - تېزىپ كەلگۈچىلەرگە ئاگاھكى، ساز ئورنىدا ئاياغ - قوشۇق، داپ ئورنىدا لىگەن - تۇنكە چېلىنىدىغان ئۇ خىل ئەسە- بىي «مەشرەپ»نى ئەمدى كۆرگىچە بېشىڭلارنى كاچكۇل- غا تىقىپ، قۇلىقىڭلارنى بىر ئاخشام بولسىمۇ مۇز ئاستىدا ئارام ئالغۇزۇش مىڭ ئەۋزەل، مىڭ بىر ئەۋزەل!

مانا بۇ مېنىڭ «يېزا باشلىقى ياردەمچىسى» نامىدا چېنىقىۋاتقان جايىمنىڭ قەلبىمدىكى كىچىكلىتىلگەن تەسۋى- رى. مېنىڭ بۇ جايغا قانچىلىغان سۆيۈملۈك ئارزۇ، قانچە- لىغان ئۇلۇغۋار پىلانلار بىلەن كەلگىنىمنى بىر ئۆزۈم بىلى- مەن. باشتا ئۇ پىلان، ئۇ ئۈمىدلىرىمنى يېزا باشلىقىغا زوق ئىشتىياق بىلەن ئىزھارلىدىم. باشلىقىنىڭ يېرىم يۇمۇلغان كۆزىگە، ھالقا بولۇپ ئۆرلەۋاتقان تاماكا ئىسىغا قاراپ تەكرار ئىزاھلىدىم، ئۇ ھەممىنى ئاڭلىدى، مۇرەمگە ئۆرۈپ تۇرۇپ ھەممىنى داڭلىدى. «بولىدىكەن، يېزىمىز- دا قانات يايدۇرغىلى بولىدىغان ياخشى پىلانلار ئىكەن، بىز مۇزاكىرە قىلىپ...» دېدى. ئەمما، مۇزاكىرە قىلغان - قىلمىغىنىنى، قاچان، كىم بىلەن مۇزاكىرە قىلىدىغىنىنى ئېيت- مىدى. مەن سورىمىدىم. كۆلگە كىرىۋالغان ئانا ئۆردەكنىڭ چۆجىسىدەك تاپ باستۇرۇپ يۈرۈپ تاپشۇرغان يازما پ- لانلىرىمنىڭ دېرىكىنى قىلدىم. ئالغان جاۋابىم يەنە شۇ « مۇزاكىرە قىلىپ...» بولدى. ئەمدىگە كەلگەندە ئۇ مېنى كۆرسىلا «تاماكىڭىز بارمۇ؟» دەپلا سورايدىغان، سۇنغۇ- نۇمنى ئېلىپلا ئالدىراش كېتىپ قالىدىغان بولىدى. ئۇزاي- دىن قارىغاندا ئەمدى ئۇنىڭغا مېنىڭ تاماكامدىن باشقا بىرەر ياردىمىم كېرەك ئەمەستەكلا بىلىنەتتى. راست، مەن بۇ يەرگە كېلىپ ئانچە ئۆتمەيلا تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىۋال- دىم. ئەمما، موخۇركىغا زادىلا كۆنەلمىدىم.

— ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ يېزىدا يۈز بەرگەن بىرەر قەھرىمانلىق قىسسىسى، ئەھمىيەتلىكرەك بىرەر ۋەقە - ھا- دىسىلەرنىمۇ ئاڭلىغىلى بولماسمۇ؟ — مەن بىلەن پات - پات زورۇقۇپ ئەھۋاللىشىپ قويىدىغان تەشۋىقات كادىرى- دىن سورىدىم ئاخىرى، — سىز شۇنداق ئىشلارغا مەسئۇل.

ئاۋاقىنە كادىر سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ سۆسقىنە

هجايدى. ئۈسۈپ كەتكەن چىچىنى پاخپايتىپ تۇرۇپ مۇرىسنى قىسقىنىدا مۇرىسى قولىقىدىن ئاشتى.

ئۇنىڭ جاۋابى شۇ بولدى. ياق، جاۋاب شۇلا بولماپتۇ، نەچچە كۈن ئۆتكەن بىر كەچقۇرۇن ئاق سېرىق ئۇ كادىر ياتىقىمغا خۇشال بىر ھالدا كىرىپ كەلدى:

— بىر خۇش خەۋەر بار، — دېدى ئۇ، دات باسقان چىشلىرىنى تولۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئۇلۇقبەك كەنتىنىڭ كونا ئامبىرىدا بىر تاغار قەدىمىي كىتاب بارلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ھەممىسى...

ماڭا شۇ گەپلا كۇپايە ئىدى. «قەدىمىي» بولسىلا، «قەدىمىي» بولمىسىمۇ، كونا ئامباردىلا بولىدىكەن ئىزدەپ چىقماي قويمايتتىم. يازما ماتېرىيال بىر تاغار ئەمەس، بىر بەت، بىر ۋاراق بولسىمۇ!

تەشۋىقات كادىرىنىڭ چۈشقىتەك قولىنى چىڭ سىقتىم. بۈگۈن ئاخشاملا ئۇلۇقبەكلەگە باشلاپ چىقىشنى ئۆتۈندۈم.

— ئەتە، — دېدى، ئۇ شەپكىسىنى كىتابلىرىمنىڭ ئۈستىگىلا قويۇۋېتىپ، — ئۇلۇقبەكنىڭ يولى كېچىدە ماڭغىلى بولىدىغان يوللاردىن ئەمەس.

ئۇ توغرا دەپتۇ. ئەتىسى تاڭ يورۇماستىلا ئىككى شۇپۇتاق ئېشەككە مىنىپ يولغا چىقتۇق. ھەمراھىم قىيا بىلەن بەسلەشكەن يول بويى ئۆزىنىڭ ئۇ قەدىمىي ماتېرىياللارنى قانداق بايقىغىنىنى، خەۋەر بەرگۈچىگە مېنى باشلاپ بېرىپ بولغۇچە تاغارنىڭ ئېغىزىنى زادىلا ئاچماسلىقنى تاپىلىغىنىنى زوق بىلەن سۆزلەپلا ماڭدى. مەن سۆيۈندۈم. سۆيۈنۈش ئىلكىدە مەنزىلگە ئالدىرىدىم.

— خەۋەرچى ئۆزى بىلەن ئايالىنى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ئالىدىغانلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ قويۇشىمىزنى شەرت قىلدى. مەن سىزگە ۋاكالىتەن ماقۇل بولدۇم. بىر ئامالىنى قىلىپ بېرەرسىز. بولمىسا ئامباردىكەنى كۆرسەتمەيدىكەن. يەنە قەدىمىي كىتابلىرىنىڭ باھاسىنى...

تەشۋىقات كادىرىنىڭ بۇ گېپىگە ياقمۇ، ماقۇلمۇ دېمەدىم. توغرىسى، ئۇ گەپلەر قۇلىقىمغا كىرمىدى. شۇ تاپ كۆز ئالدىمدا ئۇلۇقبەكتىكى كونا ئامبار، ئامباردا توپا بېسىپ ياتقان بىر تاغار تەۋەررۈكلا نامايان ئىدى. قىياسىمدىكى ئۇ تاغار مېنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتەتتى، يولۇمغا تەلمۈرەتتى. گويا مەن شۇ تاپ ئۇنىڭ ۋىسالىغا تەلمۈرگەندەك، دىدار مۇلاقىتىگە ئالدىرىغاندەك.

مەنزىلىمىزگە كەچ كىرگەندە يەتتۇق. قوناق ئېگىسىنىڭ «ئاۋال ئاتام...» دېيىشلىرىگە ئۆزرە ئېيتتىم. تۇنۇكەلىگەن چالىدىغان داپچى، ياغاچ ئاياغ، ياغاچ قوشۇق بىلەن نەغمە قىلىدىغان سازەندىلەرنى تېپىپ كېلىش تەكلىپىنى رەت قىلدىم. قولۇمغا تېزەك كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلغان كۆمەچ ناندىن بىر پارچە ئېلىپلا تەشۋىقات كادىرىنىڭ يېڭىدىن تارتقۇشلىدىم:

— شۇ ئامبارغا...

ئامبار ئىگىسى ياشقىنە بىر يىگىت ئىكەن. ئۇمۇ مېنىڭ ھەمراھىمغا ئوخشاش ۋاتىلداق زۇۋان ئىگىسىدىن بولۇپ چىقتى. دادىسىنىڭ مۇشۇ كەنتتە بىر ئۆمۈر بوغالتىر بولۇپ ئىشلىگىنىنى، رەھمەتلىك دادىسى يېقىندا تۈگەپ كېتىپ، يېزىدىكىلەرنىڭ نەزەرىگە ئېرىشكەن ئۆزىنىڭ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغىنى ھەققىدىكى ئۆزۈنغا سوزۇلغان ۋەزلىرى ئاخىرلاشقىچە تېك قىيانىڭ تۆۋىنىگە جايلاشقان، مۇگدەك باسقان چالغىلا ئوخشاپ قالغان كونا ئامبارغا يەتتۇق. ئىشىك غودۇراپ ئېچىلىپ، سۇس يورۇتۇلغان قول چىرىغىنىڭ نۇرى بۇلۇڭدىكى توپا دۆۋىسىگە توغرىلاندى.

— ھەممىسى دادامنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان...

شۇنچە يولنى بېسىپ، زور ئۈمىد بىلەن ئىزدەپ كەلگەن «قەدىمىي» ۋەرەقلەرنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن مۇئەللىپى ئاشكارا بولغىنىدىن كۆڭلۈم «جىغ»غىدە قىلدى. شۇندىمۇ بۆز تاغارنى قۇچاقلىدىم. تاغاردىن ئاچچىق توپا توزۇدى.

— مېنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش پۇلى ئالىدىغان ئىشىم... — ياش بوغالتىر ھەجىيىپ تۇرۇپ تاغارغا ئىشىلدى، — ئىشىنىڭ ئىسسىقىدا بۇ تەۋەررۈكلەرنىڭ باھاسىنىمۇ...

ئۇنىڭ تاغارنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ دېيىشىچە دادىسى بۇ تاغارغا ھېچكىمنى يېقىن يولاتمايدىكەن. شۇنىڭدىن بۇنىڭ قانچىلىك مۇھىم «ئاسار ئەتىقىلەر» ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدىكەن. شۇڭا دادىسىنى يەرلىكتە قويغان تۈنجى كۈنىلا تەشۋىقات كادىرىغا خەۋەر قىلىپ، مېنى باشلاپ چىقىپتۇ. تەشۋىقات كادىرىدىن بىلىشىچە مەن مۇشۇ كەسىپ ۋە مۇشۇ سودىنىڭ ئەھلى ئىمىشمەن.

مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى كاپالەت پۇلى ئالىدىغانلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ قويۇش تەلىپىگە ماقۇل بولدۇم. تاغاردىكىنىڭ باھاسىنى بولسا خېلى پۇلغا دېيىشتىم. گەرچە بەرگەن ۋەدەمنىڭ قولۇمدىن كېلىش-كەلمەسلىكىگە ئۆزۈمنىڭ ئىشەنچى بولمىسىمۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە باشقا

تاللىشىم يوق ئىدى.

تىترەپ تۇرغان قولۇم بىلەن تاغارنىڭ ئېغىزىنى ئاچتىم. ھەمراھلىرىمنىڭ تىنىق رىتىمىنى ئۆزگەرتتى. ئۆز- گەرتتىيۇ، تاغار ئىچىدىكى «كۆرسە كۆمۈر، كۆرمىسە ئالتۇن» تەۋەررۈكلەر بىر ـ بىرلەپ ئاشكارا بولۇشقا باش- لىغىنىدا تىنىق رىتىمى ئەسلىگە قايتىپ، داترەڭ چىشلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ياش بوغالتىر گەدىنىنى تاتىلىغىنىچە قايتىشقا ئالدىراپ قالدى.

— دېيىشكەن باھا بىلەن بەرگەن ۋەدىلىرىدىن يېنى- ۋالمايدىلا، ھە؟

مەن ئىككى زوۋاندارنى ئۇزىتىۋېتىپ، ئۆزۈم بوغال- تىرنىڭ ئىشخانىسىدا تۈنىمەكچى بولدۇم. يورۇقىدىن ئىسى كۆچلۈك جىن چىراغنى پىشانەمگە يېقىن پەرلەپ، تەۋەر- رۈكلەرگە دىۋم چۈشتۈم.

سېتىۋالغانلىرىم قانداقتۇر كىلاسسىك قولىيازمىلار ئەمەس، بەلكى، ئۇلۇقبەل كەنتىدىكى كومۇنا ئەزالىرىنىڭ ئاشۇ قايناق يىللاردىكى ئىش كۈنىگە نومۇر خاتىرىلىگەن، دارامەت تەقسىملىگەن، نورمىلىق ئاشلىق، گۈگۈت، چاي، تۇز تارقاتقان، كوللېكتىپقا قىغ ـ ماياق، يۇڭ ـ تېرە ئۆت- كۈزگەن جەدۋەللىرى بولۇپ چىقتى.

بۇلارنى كۆرۈپ كۈلۈشنىمۇ، يىغلاشنىمۇ بىلمىدىم. ھەر ھالدا مۇشۇنىڭغا بولسىمۇ شۈكۈر قىلغانىدەك، تۆل- گەن بەدىلىم بەت چۆرىسى سارغىيىپ چىرىشكە باشلىغان، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان بۇ جەدۋەللەر ئۈچۈن ئەرزىيدىغاندەك بىر تۇيغۇ ماڭا تەسەللى بېرىۋاتات- تى. نېمىلا بولمىسۇن، ئېرىشكىنىم ھازىرچە ئاسار ئەتىقە ھېسابلانمىسىمۇ، خەلقىمىز ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بەل- گىلىك بىر تارىخىي دەۋرنىڭ روشەن پاكىت ۋە يازما ئىزلى- رىدىن ئىدى.

مەن ئۇلارنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ چىقتىم. كۆز ئال- دىمغا ئاشۇ يىللاردىكى ئۇلۇقبەل كىشىلىرىنىڭ نامرات بول- سىمۇ روھى ئۈستۈن سىماسى، ھەر شوئارنى تەڭ توۋلاپ، ھەر جاپانى تەڭ تارتقان مەردانە قىياپىتى نامايان بولدى.

تاڭغا يېقىن بارچە جەدۋەللەرنى رەھمەتلىك بوغالتىر- نىڭ قول ئىزى بويىچە ئەسلى قاتلىقى بىلەن رەتلەپ، تۈرلەپ چىقتىم. دەل شۇ چاغدا ئاخشامدىن بېرى مەن نې- مىشقىدۇر دىققەت قىلمىغان تۆت بەت يازما قولۇمغا سىي- پاشتى. يازمىنى باشتا سەل ئېرەنسىزلىك بىلەن ئوقۇدۇمىيۇ، بەت ئالمىشىپ، يازمىدىكى ئەسلىي مۇددىئا روشەنلىشىشكە باشلىغىنىدا ۋۇجۇدۇم ئاستا ـ ئاستا لەرزىگە كەلدى. قىزىقىم قىزىشىپ، ئۆزۈممۇ تۇيماي قولۇمغا تاماكا ئالدىم. تاماكا ئىسىنى ئىچىمگە تولۇق تارتىپ، سىرتقا چىقىرىشقا ئالدىراي- ماي تۇرۇپ ھەر سۆز، ھەر جۈملىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇدۇم.

مەن كۈتكىنىمگە ئەمدى ئېرىشكەندەك قىلاتتىم. ئىز- دىگىنىم ئاخىرى ماڭا جامال كۆرسەتكەندەك تۇراتتى. سارغىيىپ كەتكەن، چۆرىسى تىتىلغان تۆت ۋاراق قېلىن قەغەزگە يېزىلغان ئۇ يازمىنى تەكرار ئوقۇغانسېرى ئۇ ياز- مىدىكى بىر نەمۇنە سىما ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك، ماڭا باغرىنى كەڭ ئېچىپ، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك، مېنى نېمىگىدۇر چىللاۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

كۆرۈۋاتقىنىم كىمنىڭدۇر يازغان تەسىرات ماقالىسى بولۇپ، چوڭ يىغىن مۇنبىرىدە ئوقۇلماقچى بولغان نۇتۇق تىزىسىغىمۇ ئوخشاپ قالاتتى. مەزمۇنىدىن ئايان بولۇش- چە، قوشنا يېزىدىن بىر پادا مالنى ھەيدەپ كېلىپ، تاغ كەينىدىكى يايلاققا چارۋا كۆچۈرۈش يولىدىكى بىر يىگىت مۇشۇ ئۇلۇقبەلگە يېقىن داۋاندا توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۆل- گۈچىنىڭ جەسىتى داۋان تۈۋىدە نەچچە كۈنلەرگىچە تۇرۇپ قاپتۇ. يازما ئىگىسىنىڭ ھاياجانلىق جۈملىلىرىدىن ئايان ئىدىكى، قازا قىلغۇچى ئېنىقلا، كوللېكتىپنىڭ چارۋى- سىنى، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولغان بىرى ئىكەن. قېتىپ قالغان جەسەت قويىنىدا يەنە يېڭى تۇ- غۇلغانلىقى ئېنىق بولغان، كۆيۈمچان چارۋىچى يىگىت بىلەن بىللە ئۇنىڭ باغرىدا يورۇق ئالەمگە خوش ئېيتقان ئىككى قوزىمۇ بار ئىكەن!

يىگىتكە ئوقۇلغان بۇ مەدھىيەنىڭ بېشى، ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا ئۇلۇغ داھىي ماۋزېدۇڭنىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»، «بېتيۇننى خاتىرىلەيمىز»، «يۈگۇڭ- نىڭ تاغنى يۆتكىشى» قاتارلىق ئەينى دەۋردىكى ھەممە ئادەم ياد ئالغان، ياڭراق ئاۋاز، كۆتۈرەڭگۈ روھتا ئوقۇ- غان ئەسەرلىرىدىكى جەڭگىۋار سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە بار ئىدى. ئۈزۈندىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاڭلىغۇچىنىڭ قېنىنى ئۇركەشلىتىدىغان نۇرغۇنلىغان رىتورىك خىتاب ۋە چاق- رىقلار قۇر ـ قۇرلاردا ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىنمۇ تە- سىرلىك يېرى، تەسىرات ئىگىسى توڭلاپ قالغان يىگىتنىڭ نە ئېنىق ئات ـ ئۇچۇرىنى، نە يۇرت ـ سۈيىنى بىلمەيدى-

كەن. ئەمما، مەرھۇمنىڭ جەسىتىنىڭ مۇشۇ ئۇلۇقبەلنىڭ كەينى داۋىنىدىكى تاغ ئارىسىغا كۆمۈلگىنىنى بىلىدىكەن. يازما ئىگىسى ئۇنى ئۆز قولى بىلەن يەرلىكىدە قويۇپ، قەبرە نىشانى ئۈچۈن ئۈچ تال قارا تاشنى بەلگە قىلىپ قويۇپتۇ. ھەر باھاردا قەبرىنى يوقلاپ، ھەر ئىش، ھەر ئىزىدا قەبرە ئىگىسىنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى ئۈلگە قىلىدىغانلىقىنى ئىزھارلاپتۇ.

نېمىدېگەن پاك، نېمىدېگەن ساپ روھ ئۇ!

تاڭ يورا - يورۇمايلا ئاخشامقىلارنىڭ يېنىغا ئالدىرىدىم. بوسۇغىدىن كىرە - كىرمەيلا بوغالتىر يىگىتتىن سورىدىم:

— بۇ پوچۇركىنى تونۇمسىز؟ ئۇ دادىڭىزنىڭ خېتىمۇ؟

يىگىت چاپاق باسقان كۆزىنى چىمچىقلاتتى. سۇنغۇنۇمغا ئۇزاق قارىدى.

— بىلەلمىدىم...

— نېمە دەيدىغانسىز؟ ئۆز دادىڭىزنىڭ پوچۇركىسىنىمۇ تونۇمامسىز؟

— ياق...، بۇرۇنقى كەنت مۇدىرىمىز تونۇيالايتتى...

چاپاق كۆزنىڭ پەرۋاسىزلارچە ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى.

— مېنى شۇ كەنت مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىڭ.

— ئۇ... ئۇ ئادەم نەچچە يىللار ئاۋۋال ئۆلۈپ كەتكەن.

مەن ھاجانلاندىم. ئىچىم غەزەپكىمۇ، ھەسرەتكىمۇ، سېغىنىشقىمۇ، نەپرەتكىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان گادىرماچ بىر ئوي بىلەن لىققىدە توشتى.

ئالقىنىم نېمىشقىدۇر چىڭ كىرىشىپ مۇشتىقا ئۆزگەردى.

— ئۇنداقتا بۇ پوچۇركىنى كىم تونۇيالايدۇ؟!

سوئالىمغا يەر تېگىدىن ئاڭلانغاندەك بوشقىنە بىر جاۋاب كەلدى:

— ھېچكىم.

قارىسام جاۋاب بەرگۈچى مېنى ئۇلۇقبەلگە باشلاپ چىققان تەشۋىقات كادىرى ئىكەن. مەندىكى ھاياجاننى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ سارغىيىپتۇ. داترەڭ چىشلىرى ئۆزىنى دورداي كالپۇكنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ، بۇرۇنى ئورنىدىكى نەچچە تال سارغۇچ تۈكى دىڭگىيىپتۇ. كۆزۈمدىكى قەھرنى كۆرۈپ ئۇ پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى:

— سىزدىن يوشۇرمايمەن، بۇ يەردە ئەمدى ساۋاتلىق كىشى قالمىدى.

— نېمە؟! يېزىلىق ھۆكۈمەت يېغىن زالىدىكى «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدە لاياقەتلىك بولغانلىق ھەققىدىكى سېرىق تاختاي...؟

— ئۇنى قانداق ئاماللار بىلەن ئالغىنىمىزنى مەن سىزگە كېيىنچە دەپ بېرىمەن. ئارتۇق ھاياجانلانماڭ. بەزى ئىشلارغا بەك ئىنچىكىلەپ كەتسىڭىز جېنىڭىز توشۇمايدۇ.

دورداي كالپۇكتىن تامچىلاۋاتقان بۇ سۆزلەرنى ئېنىق ئاڭلىقاردىم. ئاددىي، ئەمما، ئاچچىق ھېكمەت يوشۇرۇنغان ئۇ سۆزلەردە بەك كۆپ، بەك كۆپ سىر باردەك قىلاتتى.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا مېنى ماۋۇ تەسراتنامىدە يېزىلغان داۋان كەينىگە باشلاپ بېرىڭلار!

مەن قولۇمدىكى يازمىغا قايتا بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان قەبرە ئورنىنى ئۇ ئىككىسىگە بىلگىنىمچە چۈشەندۇردۇم.

— بىلدىم، تاش دەرۋازىنىڭ ئۇ تەرىپى ئىكەن. لېكىن، مەن ئۇ جايدا قەبرە بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.

چاپاق كۆز بوغالتىر ئەمدى ئۇيقۇدىن ئويغىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاۋازىدىكى غاراڭ - غۇرۇڭمۇ خېلىلا سۇزۇلۇپ قالغانىدى.

ئۇ خورجۇنىغا لىققىدە كۆمەچ قاچىلىدى. قارىداپ كەتكەن قاپاققا سۇ تولدۇردى. بېلىگە ئىككى تال چىگە ئارغامچىنى يۆگىدى. مېنىڭ ئاياغلىرىمنى سالدۇرۇپ، ئورنىغا تېرە چورۇق كىيگۈزدى. چورۇق ئۇستىنى كەڭ ئەنلىك لاتا بىلەن تىزىمغىچە تاڭدى. نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن كۆتمەك جۇۋىنى يېپىندۇرۇپ قويدى. تەشۋىقات كادىرىمۇ لاتا خېيى ئۇستىگە تىزلاپچە چەگدى. تەلەپ قىلىپ تۇرۇپ بىر يوتقاننى يېپىنچاقلىۋالدى.

بىز يولغا چىقتۇق. كۆن پېشىندىن قايرىلىپ، قۇياش تاغ چوققىسىدىن ھالقىغاندا تاش دەرۋازا دېگەن جايدىن ئۆتتۇق. بىلىم ئاغرىپ مەن ئېشەكتىن چۈشۈۋالدىم.

— ئەخمەق بولمىسىلا، — دېدى ھەمراھىم بىر پارچە گېزىت قەغىزىنى جارتىتىدە يىرتىپ موخوركا ئورى-

غاچ، ــ قانچە قىلسىلمۇ بۇ يولدا پىيادە مېڭىشلىرى ئېشەكتىن تېز بولالمايدۇ. پىيادە ماڭىدىغان يولغىمۇ قانىلا تېخى.

ــ ئىشەدىلا دەۋاتاتتىڭىز... تاش دەرۋازىدىنمۇ ئۆتتۇق...؟

ــ بىز بىر - ئىككى كۈنلۈك مەنزىلنىمۇ «ئىشەدە» دەپ كۆنۈپ قاپتىمىز، قارىسىلا.

ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىكەن. ئاسمانغا تۆۋرۈك بولغۇدەك تىك چوققا، زېمىنغا ئۇچەي بولغۇدەك چوڭقۇر قىيا، بىر - بىرىگە مىنگەشكەن سانسىز تۆپە - دۆمبەللەردىن ئۆتكىنىمىزدە بايامقىلاردىنمۇ ھەيۋەتلىك تاغ لوكىلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. بىز ئېشەكلىرىمىزنى شۇ جايدىكى ياندامغا ئوتقا قويۇۋەتتۇق.

ــ ساقلايدۇ، ــ دېدى ئىككى ھەمراھىم ماڭا چۈشەندۈرۈپ، ــ بىز كەلگۈچە ھېچ يەرگە كەتمەيدۇ. ھايۋانلىرىمىزمۇ بىزدەكلا رايىش ۋە كۆنۈك.

بىز تاغ كەينىدىن ئۈچ كۈندە قايتتۇق. بۇ ئۈچ كۈندە قانچىلىك جەبىرلەرنى تارتقىنىمىز، چورۇق - تىزلاپچىلىرىمىزنىڭ نەلەردە چۈشۈپ قالغىنى، خۇرجۇندىكى ئوزۇق، قاپاقتىكى ئۇسسۇزلۇقىمىزنىڭ قاچانلاردا تۈگەپ كەتكىنىنى يېزىش ۋە سۆزلەش ئارتۇقچە. ئەمما، بارغان جايىمىزدىن ئىزدىگەن قەبرىمىزنى تاپالمىغىنىمىز ۋە شۇ ۋاقىتتىكى يېرىم بولغان كۆڭلىمىزنىڭ ئىزھارىنى چوقۇم دېۋېلىشىمىز كېرەك.

شۇنداق، بىز داۋان كەينىدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدۇق. نە بىرەر قەبرىدىن بەلگە - ئىزنا، نە ئۈچ تال قارا تاشتىن ئەسەرمۇ كۆرمىدۇق. ئۇلار كۆنۈپ كەتكىنى بىلەن ماڭا تىنىق يېتىشمەي...

يېزىغا قايتقان كۈنۈم ھېرىپ ھالىمدىن كەتكەنىدىم. شۇندىمۇ كېچە پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىدى. قاچقان ئۇيقۇمنىڭ ئورنىغا ئۇلۇقبەل ۋە تاشدەرۋازىدا كۆرگەن ئېگىز ۋە بەھەيۋەت تاغ لوكىلىرى، دۆمبەل - توقايلىقلار كەلدى. شۇ لوكا ۋە شۇ دۆمبەللەرگە سىڭىشىپ، شۇلار بىلەن تولۇق بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن نامسىز قۇربان بىلەن ئۇنى ئاددىي بولسىمۇ قەغەزگە ئېلىپ قويغان پېشقەدەم بوغالتىر كەلدى. ئۇلار ماڭا قاراپ نېمىشقىدۇر باش چايقايتتى، نېمىگىدۇر ئەپسۇسلىناتتى. كۆزلىرىدە ئۇلۇغۋارلىق، پاكلىق، قەھرىمانلىق نۇرى جىلۋە قىلاتتىيۇ، چېھرىدە خۇرسىنىش بالقىيتتى، لەۋلىرى يىمىرلەتتى. ماڭا بىر نېمىلەرنى دېگۈسى باردەك قىلاتتى. دېمەكچى بولغانلىرىنى كىملەرگىدۇر ئېيتىپ بېرىشىمنى، كىملەرگىدۇر يەتكۈزۈشۈمنى ئۆتۈنگەندەكمۇ قىلاتتى.

توغرا، مەن ئۇلارنىڭ ئۈنسىز ئۆتۈنۈشلىرىنى ئاۋازىمنىڭ يېتىشىچە، قۇربىمدىن كېلىشىچە توۋلىشىم، ئەڭ ياڭراق ئاۋازىم بىلەن يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىتىشىم كېرەك. بەلكىم، قانداقتۇر بىر قىسمەت مېنى بۇ يېزىغا شۇ سەۋەب نېسىپ ئەتكەندۇ.

ئىشقا چۈشۈش بىلەنلا يېزا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ھېلىقى تۆت بەت يازمىنى ئۇنىڭ پارقىراق ئۈستىلىگە قويغاچ نەچچە كۈندىن بېرىقى يوق بولۇپ قېلىشىمنىڭ ۋەجىنى چۈشەندۈردۈم. ئويلىغانلىرىمنى ئۇنىڭغا بىرمۇ بىر بايان قىلدىم.

ــ بەك ياخشى ماتېرىيال ئىكەن! ــ يېزا باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ــ بۇنى بىر تىپ قىلىپ تىكلەپ، كەڭ تەشۋىق قىلىش كېرەك! ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بارغانچە كۈچىيىۋاتقان، ھۇرۇنلىشىپ كېتىۋاتقان، ئومۇمنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش دېگەننى، كوللېكتىپنىڭ مۈلكىگە كۆيۈنۈش دېگەننى ئۇنتۇپلا كەتكەن ھازىرقى ياشلىرىمىزنى مۇشۇ تىپ ئارقىلىق تەربىيەگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك!

يېزا باشلىقى شۇلارنى دېگەچ ئىشخانىنى توختىماي ئايلاندى. ئەمما، سۆزىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قەدەملىرى بارغانچە ئاستىلاپ، ئاۋازىمۇ بارغانچە پەسلەپ قالدى:

ــ ئەمما...، ئەپسۇس، ئۇ قويچى بىزنىڭ يېزىدىن ئەمەس ئىكەنغۇ؟ مۇشۇ يېرى بولمىغۇدەك جۇمۇ، بولمىغۇدەك.

ــ تىپ بولۇش، ئىلغارلىقنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن قەھرىماننىڭ بىزنىڭ يېزىمىزدىن بولۇشى ھاجەت ئەمەس، ــ دېدىمەن، ئۇنىڭ ھاياجىنىدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ــ ئىككىمىزنىڭ قەلبىگە ئەڭ بۈيۈك ئوبراز بولۇپ سىڭىپ كەتكەن لېي فېڭمۇ بۇ يېزىدىن ئەمەس. ئەمما، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ كېلىۋاتقىنىمىزغا يېرىم ئەسىردىن ئاشتى. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ يىگىت بىزنىڭ تەۋەيىمىزدە قازاغا يولۇقۇپتۇ. ئۇلۇقبەل كەنتىمىزدىكى ئاددىي بىر چارۋىچى ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، قولىمىزدىكى بۇ تەسىراتنى يېزىپ قالدۇرۇپتۇ. يازغىنىنى يىللاردىن بۇيان ئەتىۋارلاپ ساقلاپتۇ. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە ياخشىلىقنىڭ بىر ئۆمۈر ئۇنتۇلمايدىغىنىنى، خەلقىمىزنىڭ يەنىلا

ئۇلۇغلۇقنى چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىدىغىنىنى چۈشەندۈردۇ. شۇڭا...

— بولىدۇ! — باشلىقىم يەنە بىر قېتىم ھاياجانلاندى، — سۆزلىرىڭىز ئورۇنلۇق، بۈگۈنلا مۇزاكىرە قىلايلى!

تۇۋا، «مۇزاكىرە» ئەسلىدە مۇنداق بولىدىكەن: ھەممىمىز كۆڭلىمىزدىكىنى، ئويلىغانلىرىمىزنى دەپ بولۇپلا سېكرېتارنىڭ ئېغىزىغا قارايدىكەنمىز. ئۇنىڭ بېشىنىڭ گىلدىڭلىشىنى، كۆزلىرىنىڭ يېرىم يۇمۇلۇشىنى، تاماكىسىنى كۈچەپ شوراپ ئاخىرىدا ئۈستەلگە پاققىدە مۇشتلىشىنى كۈتىدىكەنمىز.

— بولىدۇ! — سېكرېتار ئاخىرى ئۈستەلگە شاپىلاقلىدى، — ئۇلۇقبەلدە مەيلى شۇنداق ئىش يۈز بەرگەن بولسۇن، بولمىسۇن يېزىلىق پارتكوم نامىدا بىر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرايلى. گۇرۇپپا تەركىبىدە ئۈچ كىچىك گۇرۇپپا بولسۇن. بىرىنچى گۇرۇپپا يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، مەرھۇمنىڭ بارلىق ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى قېزىپ، يېزىپ چىقسۇن. بەزى دېتاللارنى قوشۇپ قويۇش كېرەك، ئەلۋەتتە. ھەم يەنە يۇقىرىغا مەرھۇمنى «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ ئەنگە ئېلىش ھەققىدە دوكلات تەييارلىسۇن. ئىككىنچى گۇرۇپپا مەرھۇمنىڭ ئەسلىي يۇرتىنى، ئىسىم - فامىلىسىنى، ھازىرقى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلىسۇن. ئۈچىنچى گۇرۇپپا ئۇ سەپداشنىڭ قۇربان بولۇش جەريانىنى، ئەھمىيەتلىك ئۇ ئۆلۈمنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئۇلۇقبەل كەنتىمىز ۋە يېزىمىزدىكى ياخشى تەسىرىنى تەييارلىسۇن!

مەن ئۇھ، دېدىم. ھاردۇقۇم چىققاندەك بولدۇم. گەرچە ئەتراپىمدىكىلەر مېنىڭ بايانلىرىمغا گۇمان نەزىرى بىلەن قاراۋاتقاندەك قىلىسىمۇ ھېچبىرى چىش يېرىپ قارشى تۇرمىدى. مەن بىرىنچى گۇرۇپپىغا مەسئۇل بولۇپ، ئاۋۋال مۇكەممەل دوكلاد تەييارلايدىغان، ئاندىن ناھىيەدىن باشلاپ قاتلاممۇقاتلام يۇقىرىلاپ مەرھۇمنىڭ نامىنى ھەممە جايغا ئاڭلىتىدىغان بولدۇم.

— مۇشۇ ھەپتىدىلا يولغا چىقىڭ، — كەچتە يېزا باشلىقى بىلەن سېكرېتار گۇپپىدە ھاراق ھىدى پۇراتقىنىچە بىر پېچكا تاماكا ئېلىپ ياتىقىمغا كىردى، — ئايال باللىرىڭىزنىمۇ سېغىندىڭىز ھەقچان. ئۇلارنىمۇ يوقلىغاچ...

— ئاۋۋال ئۇ مەرھۇمنىڭ ئىسمىنى بولسىمۇ ئېنىقلىۋالايلى، — دېدىم مەن كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرماي، — دوكلاد تەييارلاش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئىسمى كېرەك بولىدۇ.

— تاپالىساق تاپىمىز، تاپالمىساق خالىغان بىر ئىسىمنى يېزىپ قويساق بولۇۋېرىدۇ. ئىسىم مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى شۇنداق بىر ئىنقىلابىي روھ. مەن ئۇ ئىشنى ئاللىقاچان ناھىيەگە دوكلاد قىلىپ بولدۇم. سىز يېزىمىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن چوڭ بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەردىڭىز. مۇشۇ تېپىنى ياخشى ۋە كەڭ تەشۋىق قىلىپ، يېزىمىزنى ھەممە يەرگە تونۇتايلى. ئۈچىمىز مەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، ئىنقىلابىي روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۈچ خىل كۈچنىڭ يېزىمىزدىكى تەسىرىنى ئۈزۈل - كېسىل تازىلاپ، يۇرتىمىزنىڭ ئەبەدىي مۇقىملىقى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىمىزنى قوشايلى. ھەممىمىز تېخىمۇ ئۆسۈپ... بۇ، ناھىيەنىڭ كۆرسەتمىسى.

بۇنداق ھاياجانغا «ياق» دېيەلەيتتىممۇ؟ شۇ كېچىسىلا دوكلاد تەييارلاشقا تۇتۇندۇم. ئەمما، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى خىرە ئىدى. زادى بىز ئۈلگە، نەمۇنە قىلىپ تىكلىمەكچى بولغان ئۇ ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيتتى؟ يۇرتىچۇ؟ پېشقەدەم بوغالتىرنىڭ تەسىراتنامىسىدا ئۇنىڭ پەقەت قوشنا يېزىدىن ئىكەنلىكىلا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئۇچۇرى دېيىلمىگەنىدى. سېكرېتار ئېيتقاندەك شۇنداق بىر ئىش بولغانمۇ، بولمىغانمۇ، مەرھۇمنىڭ قەبرىسى زادى قەيەردە؟ شۇ يىللاردا ئۇ ھەيدەپ ماڭغان پادا قانداق بولغان...؟ بۇلارنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ ناھىيەگە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرىسىغا يول ئالسام...

مەن بىر ئاماللارنى قىلىپ، دوكلادنى پۈتتۈرۈش ئىشىنى كەينىگە سوزدۇم. ئاۋۋال ئاۋۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۆز تەكشۈرۈشلىرىنى بىر يەرگە ئاپارسا، ئىسمى بولسىمۇ ئېنىقلانسا...

ئۇلۇقبەلگە چىقىپ كەتكەن گۇرۇپپا قايتىپ كىردى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە مەن ئىگىلىگەن ماتېرىيالدا تىلغا ئېلىنغان ئىشنى ھازىرقى كىشىلەردىن ھېچكىم بىلمەيدىكەن. رەھمەتلىك بوغالتىردىن شۇنداقراق بىر گەپلەرنى خىرە ئاڭلىغاندەكمۇ قىلغان بىرنەچچە پېشقەدەملەرمۇ ئۇ گەپلەرنى قاچان، نەدە ئاڭلىغىنىنى بۈگۈنگە كەلگەندە ئۇنتۇپ قاپتۇ. قەبرە ئورنىنى بولسا پەقەتلا بىلمەيدىكەن. قوشنا يېزىغا كەتكەنلەرمۇ مىسقالغا توختىغۇدەك يىپ ئۇچى

ئېلىپ كېلەلمىدى.

— يىپ ئۇچىنىڭ تېپىلماسلىقى بىزگە مۇھىم بىر ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ، — رەھبەرلىك گۇرۇپپا يىغىنىدا شۇ گەپلەر بولۇندى، — ئىنقىلابىي روھ ھەر كۈن، ھەر ۋاقىت تەكىتلىنىپ تۇرۇلمايدىكەن مۇشۇنداق ئۇنتۇلۇپ قېلىنىدۇ. بىر ئىنقىلابىي قۇربان قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، خەلق ئۈچۈن، كوللېكتىپ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۇلۇغۋارلىقى شۇ خەقنىڭ كۆز ئالدىدا كۆز يۇمغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى، ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئۇنتۇش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئېيتىڭلارچۇ، زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟!

تىنىق يېتىشمەي بېرىلىۋاتقان جاۋابلاردىن مەن بىلدىم: ئۇ، بىزنىڭ ئاممىۋى تەربىيەنى ياخشى ئىشلىمىگەنلىكىمىزدىن، ئىلغارلىق تەربىيەسىنى ياخشى ئىشلىمىگەنلىكىمىزدىن، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغىنىمىزدىن، ھازىرقى ۋەزىپە ئورنىمىزغا لايىق ۋە مۇناسىپ ئەمەسلىكىمىزدىن، ۋەزىپىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقىنىمىزدىن، ئىستىپا سورىشىمىزنىڭ كېرەكلىكىدىن، ھوقۇق كۈرسىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىزدىن دېرەك بېرىدىكەن. خەلقىمىزنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەس بولۇپ قالغىنىدىن، ئەسلىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقىنىدىن، كۆنسېرى باشتۇڭ، ئۆز بېشىمچى بولۇپ قالغىنىدىن دېرەك بېرىدىكەن. مۇشۇ ئىشنى تۇتقا قىلىپ، كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، ئىدىيەمىزنى ئازات قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزدىن دېرەك بېرىدىكەن. ھوشىمىزنى تېپىشىمىزدىن، ھەدېسىلا بانايۇ ـ سەۋەب كۆرسىتىپ، ئىشنى ئارقىغا سۆرەش قىلمىشلىرىمىزغا ئەمدى يول قويۇلمايدىغىنىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

ياھەزرەت! نېمىدېگەن كەسكىن، نېمىدېگەن ئۆتكۈر، ۋەزنى ئېغىر گەپلەر بۇ! گويا ھەممىسى ماڭا قارىتىپ دېيىلىۋاتقاندەكلا. شۇنداقتىمۇ ئۇلۇغۋارلىقى ئۆلگۈچىنىڭ ئىسمىنى بولسىمۇ بىلمەي تۇرۇپ...

— بولمايدۇ! — كېيىنكى كۈنى يېزا باشلىقى، — بىز ئاللىقاچان كىرىچنى يادىن قويۇۋېتىپ بولدۇق. ئەمدى ئۇنى كەينىگە قايتۇرۇشىمىزنىڭ ئىمكانى ئۈزۈلدى. بۇ ھالدا ئالدىمىزغىلا ماڭالايمىزكى، كەينىمىزگە يېنىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇجى ئېيتقاندەك ھازىرچە ئۆزىڭىز خالىغان بىرسىنىڭ ئىسمى يېزىپ تۇرۇڭ... بۇ ئىشقا ئۇ بەك ئالدىراۋاتىدۇ. ناھىيەگە دوكلات قىلىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ.

— مېنىڭ ئىسمىمنى يازغاچ تۇرايلى بولمىسا، — يېزا باشلىقى بىلەن بىرگە كىرگەن تەشۋىقات كادىرى پوسوقىدە سۆزگە ئارىلاشتى، — ئىسمىم سەل غەلىتە بولغىنى بىلەن بۇ تاغلىق جايدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

توۋا، ئۇنىڭ ئانچىكى دەپ قويغان بىر ئېغىز سۆزى چېڭىغا چىقتى. رەھبەرلىك گۇرۇپپا مۇزاكىرە قىلىپ، ھازىرچە شۇ ئاق سېرىق، ئاۋاق كادىرنىڭ ئىسمىنى دوكلاتقا رەسمىي بېكىتتۇق. شۇ كۈنىلا دوكلات تامغىلىنىپ ناھىيەگە يول ئالدى. كۆڭلۈم ھېچ تارتمىغان بولسىمۇ، ئۆز قولۇم بىلەن قويۇپ بېرىلگەن «كىرىچ»نىڭ ئىزىدىن ماڭماسام ئەمدى بولمىدى.

— «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ نام بېرىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، — قەدىمىم ناھىيەگە يەتكىنىدىكى تۇنجى جاۋاب شۇ بولدى، — بىز پەقەت شۇ ھەقتە يۇقىرىغا دوكلات سۇنالايمىز، سىز ئالدىرىماڭ.

جاۋابنى بۇنداق ئاددىي، تومتاقلا بەرگەن كاتىپ شۇ كۈنىلا دەككىسىنى يېدى. نەلەردىندۇر يولىيورۇق سورۇلۇپ، «پۈتۈن ناھىيە مىقياسىدا ‹پىداكار يىگىت پالانىدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى›نى كەڭ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى. كەچلىك بازارنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۈستى ئوچۇق كىنوخانىدا زور كۆلەملىك سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى. بۇرنى ئۇزۇن، قۇلىقى دىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ قەلىمى تېز ـ تېز يورغىلىدى. يەرلىك ئاخباراتۋاستىلىرىنىڭ ئۆز مۇخبىرلىرىنىڭمۇ يورغىلىدى. شۇ ھەپتىدىكى يەرلىك گېزىتلەرنىڭ باش بېتى، تېلېۋىزىيەنىڭ باش خەۋىرى ئاق سېرىق، ئاۋاق، ئۆسۈك چاچ شۇ تەشۋىقات كادىرىنىڭ ئىسمى بىلەن لىق تولدى.

— ئەڭ ياخشىسى دوكلاتنى يۇقىرىغا ئۆزىڭىز ئېلىپ بېرىڭ.

يېزىدىكىلەر ماڭا ئاق يول تىلىدى. ناھىيەدىكىلەر چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتتى. قولۇمنى چىڭ سىقىپ، كۆزۈمگە مىقتەك قادىلىپ تۇرۇپ، چوڭ يولغىچە ئۇزاتتى. ئۇزىتىش ئالدىدا يېزا، ناھىيە تەۋەسىدىكى بۇ پائالىيەتنىڭ داغدۇغىسىنى، ياخشى تەسىرىنى يۇقىرىغا چوقۇم تولۇق، ئەينەن دوكلات قىلىشىمنى ئەسكەرتتى. يەرلىك گېزىتتىن بىر قۇچاق، ناھىيەمىز خەلقىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى كۆرۈنۈشلەر تەييارلانغان ۋىدېئو فىلىمدىن نەچچە دېسكا تۇتقۇزدى.

— قاملاشمىغان ئىشتىن بىرنى قىلىپ قويۇپسىز، — ئايالىم ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلىمنى سىلاۋېتىپ شۇ گەپنى دېدى، — بۇ ئەسلىدە سىز ماڭىدىغان يول ئەمەس. قالدىسىغا ئەتە ئىدارىغا بېرىپ، باشلىقىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ.

مەن ھاياجان ئىلكىدە ئىدىم. قىلغان، يېزىم قىلغان، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى مۇنۇ جان كۆيەرىمنى چوقۇم قوللايدۇ، ماڭا ھەمنەپەس بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. شۇڭىمۇ ئۆيگە يەتكەن تۇنجى ئاخشامدىلا ئۇلۇقبەلدىكى ئۇيقۇسىز كېچىنى، تاشدەرۋازىدىكى ئۈچ كۈنلۈك ئىزدىنىشىمنى، ئۇندىن كېيىنكى يېزا ۋە ناھىيەدىكى مەن پەيدا قىلغان زىلزىلىنى دەپ بېرىۋاتاتتىم.

— راست، — دېدى باشلىقىممۇ تۇنجى قۇچاقلىشىشتىن كېيىنلا، — نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش بۇ؟ سېتىۋالغان بىر تاغار ماتېرىيالىڭىزنىڭ پۇلىنىغۇ ئاتچوت قىلىپ بېرەي. ئەمما، ئۇ نامسىز قەھرىمان ھەققىدىكى دوكلاتنى سىزنىڭ كۆتۈرۈپ كەلگىنىڭىز راستىنلا قاملاشماپتۇ. بۇنى ئەسلىدە شۇ يەرلىك مەمۇرىي رەھبەرلەر ئېلىپ كەلسە توغرا بولاتتى. ئۇ ئىشلار بىلەن قەدىمىي ئەسەرلەرنى يىغىپ رەتلەيدىغان بۇ ئىدارىمىزنىڭ ھېچقانداق چېتىشلىقى بولمىسا يا؟

ھاياجان تۇلپىرىم تۇنجى توسۇقتىلا پۇتلاشتى. ياخشى ئۈستىكىمگە تۇنجى قەدەمدىلا كۆيە چۈشتى. شۇندىمۇ مەن ئەمدى توختاپ قالالمايتتىم. ئۇ تەرەپتە ئاللىقاچان چوڭ ئىش تەۋرىتىپ قويدۇم. جىمجىتقىنە بىر يېزىنى، نە بىر يېزا بولسۇن، بىر پۈتۈن ناھىيەنى ئۆرە - تۆپە قىلىۋەتتىم. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە شۇ ناھىيەدىكى ھەر بىر ساۋاتلىق جان مەن تىكلىگەن نەمۇنە تېپتىن ئۆگىنىش دولقۇنىغا غەرق. ئەتىگەندىن كەچكىچە دۈم يېتىپ تەسرات ماقالىسى يېزىش، سۆز تىزىسى تەييارلاش، يازغانلىرىنى تام دوسكىلىرىغا چاپلاش، مۇزاكىرىلەردە ئاكتىپ پىكىر بايان قىلىش بىلەن ئالدىراش. ئۆز ھەرىكىتى بىلەن قەھرىمانىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى، ئۆز ئىدىيەسى بىلەن ئۆلگىنىڭ كۆز قارىشىنى سېلىشتۇرۇش بىلەن ھەلەك. بۇ ھالدىكى مەن ئۆيۈمگە يېتىۋېلىپلا قانداقسىگە توختاپ قالالايمەن؟ ئۇ چاغدا يولۇمغا تەلمۈرگەن شۇ مېھرىبانلار، كۈنۈ - تۈن شەرەپ تەمەسىدە قويغان - تۇتقىنىنى بىلمىگۈدەك بىر ھالغا كېلىپ قالغان يۇرت باشلىرى نېمە دەپ قالىدۇ؟

مەن باشلىقىمدىن ئۆتۈندۈم. ئۇ يەردىكىلەر مېنى «پالانى شەھەردىن كەلدى» دەپ چوڭ بىلگىنى بىلەن خىزمەتكە چىققىنىمدىن بېرى بۇ ئىدارىدىن، مۇشۇ ئىشخانىدىن سىرتقا چىقىپ باقمىغىنىمنى، بۇ شەھەردە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھېچكىمنى تونۇمايدىغىنىمنى، شۇڭا مۇشۇ بىر قېتىم ئاتىدارچىلىق قىلىشنى ئۆتۈندۇم.

— مېنى ئۇ جايغا سىز ئەۋەتكەندىكىن، ئاخىرىغىمۇ ئىگە بولۇڭ، دېمەكچىغۇ سىز، — باشلىقىم ئاخىرى بىر ئىستاكان قايناقسۇ سۇندى، — بوپتۇ، ئېلىپ كەلگەن دوكلادلىرىڭىزنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، شۇ نازارەتكە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان ساۋاقدىشىم بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقاي، جاۋابىنى شۇ ۋاقتىتا بېرىمەن.

باشلىقىمدىن جاۋاب كۈتكەچ ئۆيدە ئارام ئالدىم. مېنى سېغىنىپ، كۆزى تېشىلەي دېگەن قىزىمنى ئېلىپ باغچىلارنى ئايلاندىم. مۈرەمگە مىنگۈزۈپ سەيلە قىلدۇردۇم. قۇچۇغۇمدىن چۈشۈرمەي ئەركىلەتتىم. ئەمما، مەيلى نېمە قىلاي، قەيەردە بولاي كۆز ئالدىمغا ئۇلۇقبەل داۋنىدا يېڭى تۇغۇلغان ئىككى قوزىنى قۇچاقلىغان پېتى توڭلاپ قالغان ئاشۇ قەھرىمانلا گەۋدىلىنەتتى. قىزىمنى قانچە چىڭ باغرىمغا باسقانسېرى ئۇ كۆرۈنۈش تېخىمۇ روشەن نامايان بولاتتى. تۇرۇپلا ئاشۇ قەھرىمان ماڭا، قۇچىقىمدىكى يېرىم بۇدرە چاچلىق پەرىشتەم ئاشۇ بىچارە قوزىغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەكلا بىر شىرىن تۇيغۇ كۆڭلۈمگە باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. راست، بەرىبىر باشقا بىرسىنىڭ ئىسمىنى قويغاندىكىن، ئۇ قەھرىمانغا ئاۋۇ سېرىق ئاۋاقنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويغۇچە نېمىشقا ئۆز ئىسمىمنى يازمىغاندىمەن؟ شۇنداق قىلغان بولسام... ھەي، بوپتۇلا، ئۆتكەن ئىش ئورنىغا كېلەمتى؟

ئىدارە باشلىقىمنىڭ جاۋابىغا تەلمۈرۈپ كۆزۈم تېشىلەي دېدى. ئۇ تەرەپتىن سۆيلەپ كېلىدىغان تېلېفونمۇ ئاۋۇدى. مەنمۇ كۈندە دېگۈدەك ئىدارىغا بېرىپ، باشلىقنىڭ قىيا يېپىلغان ئىشىكىگە بويۇندايدىغانلا بولدۇم.

— بىر كىشىگە «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ نام بېرىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن، — دېدى باشلىقىم بىر كۈنى ئىشىكى ئالدىدىن غىرتتىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمنى بايقاپ قېلىپ، — نازارەت ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرىغا يوللايدىكەن. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئىش بېجىرىش يىغىنىدا مۇزاكىرىگە قويۇلۇپ... سىز قايتقاچ تۇرامسىز يا؟

«مۇزاكىرە» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ دېمىم يەنە ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. مەن يوق تۈكۈرۈكۈمنى زورۇقۇپ يۇتۇپ، قۇرۇغان لەۋلىرىمنى يالاپ قويدۇم.

— قايسى يۈزۈم بىلەن قايتارمەن ئەمدى. ئەمەلىيەت-
تە بۇ ئىش ماڭىلا ئەمەس، ئىدارىمىزنىڭ يۈزىگىمۇ سەت
تۇرىدىغان بولدى.

زەئىپ ئۈندە ئېيتقان بۇ دەيدىيىم باشلىقمغا تەسىر
قىلدى. ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، گالستۇكىنى ئوڭ-
شىدى. يېپىنچىسىنى ئىلغۇچتىن ئېلىپلا، مەزمۇت قەدەملەر
بىلەن سىرتقا ماڭدى.

— يەنە بىر قېتىم سۆيلەپ كېلەي.

بوسۇغا ئاتلاۋاتقاندا قارىسام باشلىقمنىڭ چىرايى تۇ-
تۇلۇپ، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپتۇ. چىشلىرىدىن غۇچۇر ئۈنى
ئاڭلانغاندەكمۇ قىلدۇ. شۇنداقتىمۇ باشلىق دېگەننىڭ قە-
دىمى ھەقىقەتەن خەيرلىك بولىدىكەن. ئارىدىن نەچچە
كۈن ئۆتۈپ كاتتا بىر جاۋاب كەلدى: رەھمەتلىككە نام
بېرىش قارار قىلىنىپتۇ!

ئەمدى قارىسام باشلىقمنىڭ چېھرىدىكى نۇرانە
ئاپتاپ يەنە ئەسلىگە قايتىپتۇ. ئىلگىرىكى كۆيۈم ۋە كەس-
كىنلىكى جايىنى تېپىپتۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ يەنە مۇ-
رەمنى سىلاپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى:

— مۇشۇ نام بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يېزىدا
ئۇ قەھرىماننىڭ بىر ھەيكىلىنى قاتۇرساڭلار تېخىمۇ ئەھمە-
يىتى بولۇشى مۇمكىن. شۇ باھانىدە سىزدىنمۇ ئۇ جايدا
مەڭگۈلۈك بىر نىشانە قالدۇ.

مەن باشلىقىم دەۋاتقان «سىزدىنمۇ» دېگەن ئۇرغۇ-
لۇق سۆزنىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشەندىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ
ئىدارىمىزنى، ئۆزىنى كۆزدە تۇتىۋاتاتتى.

— بولىدۇ، باشلىق، مەن تىرىشىپ كۆرەي.

چېنىقىش ئورنۇمغا قايتقىنىمدىن كېيىنكى زىلزىلە ئاۋ-
ۋالقىسىدىن نەچچە باراۋەر يۇقىرى بولدى. مېنى ئىككى
مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز بوغۇنلىرىنى يولنىڭ ئىككى
چېتىگە تىزىلدۇرۇپ، داقا - دۇمباق، ناغرا كانايلىرى
بىلەن قارشى ئالدى. يېزا تەۋەسىدىكى بارچە خىزمەتچى
چىرايلىق ياسىنىپ قوچقىمنى گۈلگە، بوينۇمنى گۈلدەستى-
گە تولدۇردى. ئۇستىباشلىرىمغا شالپەر چېچىشتى. شۇ مە-
نۇتتا تۇرۇپلا ئۆلۈمبەلدە قازا قىلغۇچى قەھرىماننى يەنە
بىر قېتىم ئۆزۈمدەكلا ھېس قىلىپ قالدىم.

— يېزىدا قەھرىماننىڭ بىر ھەيكىلىنى تۇرغۇزىدىغان
بولدۇق، — دېدىم تۈنجى كۈنىدىكى رەھبەرلىك كۆرۈ-
پىنىڭ يىغىنىدا دوكلاد بېرىۋېتىپ، — بۇمۇ يۇقىرىنىڭ
يوليورۇقى.

نېمىشقىدۇر ئىدارە باشلىقمنىڭ سۆزىنى يۇقىرىنىڭ
يوليورۇقى قىلىپ يەتكۈزگىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمىدىم.
بەلكىم، ھەيكەل قاتۇرۇش ئىشىغا يېزىدىكىلەرنىڭ قوشۇل-
ماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندىمەن. بەلكىم، شۇنداق
دېسەم باشلىقمنىڭ تەۋسىيەسى پات پۇرسەتتە ئەمەلىيلىش-
دۇ، يېزىمۇ تېزراق تۇتۇش قىلىدۇ، دەپ ئويلىغاندىمەن.
بەلكىم، ئىدارەم ۋە مەندىن قالىدىغان ئىز - نىشانە مېنىڭ
ۋەزىپە مۇددىتىم توشۇشتىن ئىلگىرى يېزا مەركىزىدە قەد
كۆتۈرسىكەن، دېگەن ئىنتىزارلىق مېنى شۇنداق
دېگۈزگەندۇ.

ئەنسىرىگىنىمنىڭ ئەكسىچە شۇ سۆز ئېغىزىمدىن قانداق
چىقتى، ئاخىرقى تاۋۇشۇم چۈشۈپ بولغۇچىلا سېكرېتار
بىلەن يېزا باشلىقى تەڭلا گۈشلۈك ئالقىنى بىلەن ئۇستەلنى
شاپىلاقلىدى:

— ياشاپ كېتىڭ! ئىش ئۇنۇمى دېگەن مانا مۇشۇن-
داق بولۇشى كېرەك! ھەيكەلنى چوقۇم قاتۇرۇش كېرەك!

كېيىنكى ئىزاھ ۋە ئېيتىپ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن بىل-
دىمكى، ئۇلارچە ھەيكەل قاتۇرۇش قەھرىمانغا بىلدۈرۈل-
گەن ھۆرمەت ۋە تىكلەنگەن ئابىدە بولۇپلا قالماي، ئەڭ
مۇھىمى مۇشۇ نۆۋەتلىك يېزا رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ
شەرىپى ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىش روھىنىڭ ناماياندىسى
ئىكەن. يېزا تەۋەسىدىكى ياشلارغا بېرىلگەن ھەقىقىي مە-
نىدىكى تەربىيەنىڭ سىمۋولى ئىكەن.

ۋاھ، بۇنداق ياخشى ئىشنى ئەسكەرتكىنىگە قارىغاندا
ئىدارە باشلىقىم ھەقىقەتەن يىراقنى كۆرەر، دانا كىشى
ئىكەن. ئەمما، بۇ يەردە ھەيكەل قاتۇرۇش ئىشىنى ئۇنىڭ
تەۋسىيە قىلغىنىنى دېيىشمىنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق. شۇن-
دىمۇ كۆڭلۈمدىكى بىر شەكنى يوشۇرمىدىم:

— ئاۋۋال ناھىيەنىڭ سەمىگە سېلىۋېتىپ...

— چوقۇم شۇنداق بولىدۇ - دە، — سېكرېتار ئۇس-
تەلنى يەنە بىر قېتىم شاپىلاقلىدى، — ئۇ ئىشتىن ئەنسىرى-
مەڭ، بۇ قېتىم ناھىيەگە ئۆزۈم بارىمەن. ھەيكەل ئىشىنى
ئۆزۈم دوكلات قىلىمەن.

بۇ باشلىقمۇ بارغان يېرىدىن چىرايى ئاپتاپ قايتتى.
قارىسام ئېغىزى يۇمۇلمايلا قاپتۇ. تاماكىسىنى قەدەمدە بىر
مەجىپ، يەنە يىڭىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋاتىدۇ. رەتسىز
چىشلىرى كالپۇكىنىڭ سىرتىدىلا.

— ناھىيە بىزنى قىزغىن قوللىدى. ھەيكەلنى تېز پۈر-

سەتتە ياساپ پۈتتۈرىشمىزنى، يۇيۇق ئېچىش مۇراسىمىنى كاتتا ئۆتكۈزۈشىمىزنى تاپىلىدى. ئەمدى يېزىمىزنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسىغا ئايلاندۇرىدىغان بولدۇق. شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتكۈل ناھىيە خەلقى يېزىمىزغا ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيەگە كېلىپ...

ئۇنىڭ شادلىقىغا ھەممىمىز جۆر بولدۇق. گويا كاتتا بىر بايرام، تەڭداشسىز بىر شادىيانىلىق بىزگە يېقىنلاپ كې- لىۋاتقاندەك شادلىققا چۆمدۇق. شۇ كۈنى كەچتىلا يىغىن زالىدا غەلبىمىزنى تەبرىكلەپ ئولتۈرۈش قىلدۇق. نەغمە- چى، چاقچاقچىلارنى تەكلىپ قىلمىغان بولساقمۇ، سورۇن- نىڭ ئاخىرىدا ھەممىسىنىڭ «قولىقى مەدىرلىدى»، خىيىم تۈرۈس تامان بولدى. بىر - بىرىمىزنىڭ بوينىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، مەڭزىلىرىمىزگە سۆيۈشۈپ...

ئۈيغىنىپلا قولۇمغا تېلېفوننى ئالدىم. بۇ كاتتا خەۋەر- نى ئىدارە باشلىقىمغا يەتكۈزدۈم. شادلىقىمغا ئۇمۇ شېرىك ئىكەن. يۇيۇق ئېچىش مۇراسىمغا نازارەتتىكى ھېلىقى سا- ۋاقدىشىنى ئېلىپ ئۆزىمۇ كېلىدىكەن.

ئەمدى يېزىدا ھەيكەلنى قەيەرگە تىكلەش ھەققىدىكى تالاش - تارتىشىمىز باشلاندى. ئۇلۇغبەلگە تىكلەيلى دېگۈ- چىلەرمۇ، تاشدەرۋازىغا تىكلەيلى دېگۈچىلەرمۇ بولدى. يې- زىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ھويلىسىغا، مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ ئال- دىغا، يېزا بازىرىدىكى تۆت كوچا دوقمۇشىغا قاتۇرۇش پىكرىدىكىلەرمۇ ئاز بولمىدى. داۋان كەينىگە مال - چارۋا ھەيدەپ ئۆتكۈچىلەرنىڭ كۆرۈپ تۇرۇشى، ئىلھاملىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن يايلاق ئېغىزىغا تىكلەپ قاتۇرساق ياخشى- مىكىن، دېگەنلەرمۇ گەپ قاتتى. ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارى- شا ئاساسلىرى، قاراشلىرى بار ئىدى. ئاخىرقى توغرا جاۋاب يەنىلا شاپىلاقلانغان ئۇستىلىدىن كەلدى:

— يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھويلىسىغا تىكلەيمىز! ئوقۇغۇچىلار كۈندە دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن قەھرىمانىنىڭ ھەيكىلىگە بىر قېتىمدىن سالام بېرىپ، مارش ئوقۇپ، ئېھتىرام بىلدۈرسۇن! ئىنقى- لابىي قۇربانىنىڭ روھى ياش ئەۋلادلىرىمىزنى كېچە - كۈندۈز تەربىيەگە ئىگە قىلىپ تۇرسۇن!

— ھەيكىلىنى نېمە بىلەن تىكلەيمىز؟ — تۇيۇقسىز سوراپ قالدى يەنە شۇ ئاق سېرىق، ئاۋاق تەشۋىقات كا- دىرى، يېرىم چاقچاق ئاھاڭدا، — ئالتۇن بىلەنمۇ؟ مىس بىلەنمۇ، ياكى...؟

راست، بۇ نۇقتىنى نېمىشقا ئويلىمىغاندىمىز؟

كۆزلىرىمىز چىمچىقلىدى. بىر - بىرىمىزگە تەمە بىلەن قاراشتۇق. بايامقى جاۋىلدىشىمىز، «كەك - كۇشادە» بەس - مۇنازىرە قىلىشىمىز قايىنىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك چېپپې- دە توختاپ قالدى. ھەممىمىز ئۇستەلنىڭ يەنە بىر قېتىم شاپىلاقلىنىشىنى كۈتۈپ، گۆشلۈك ئالقانلارغا يەر تېگىدىن قاراشتۇق. ئەمما، بۇ قېتىم ئۇستەل ئۇرۇلمىدى. ئۇ قە- دىرلىك ئالقانلار ئەمدى تېخىمۇ ۋەزىنلىك بىر بۇرچنى كۈتۈرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك سۈس تىترەۋاتاتتى.

يېزا باشلىقى ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ قارىشى بىلەن تەڭ گويا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ھەممىسىنىڭ نەزەرى ماڭا يۆتكەلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا «بۇ ئىشنى باشتىمۇ سىز تاپقان، ئاخىرىنىمۇ سىز...» دېگەن مەنىلەر بارەدەك قىلاتتى.

مېنى سۈس تەر باستى. شۇندىمۇ كاللامغا كەلگىننى دېدىم:

— مىس بىلەن قاتۇرايلى. مىس ھەيكەل ئەڭ چىدام- لىق ۋە كۆركەم.

— راسخوتچۇ؟ يېزىمىزدا مىس ھەيكەل قاتۇرالىغۇ- دەك ئىقتىساد يوق.

يېزا باشلىقىنىڭ ۋەزىنلىك سوئالىنى ئاڭلاپ باياتىنقى تەرلىرىم بىراقلا چېپىلدىدى. ئەمدى چېكە - ماڭلايلىرىمىن- ىڭلا ئەمەس، يوتا - چاتراقلىرىمنىڭمۇ تەرلەۋاتقىنىنى سەزدىم. مەنمۇ بوينۇمنى تەشۋىقات كادىرىغا ئوخشاش بە- چارىلەرچە قىسىپ، مۇرەمنى قۇلىقىمدىن ئاشۇردۇم.

— بولدى، سىزنىمۇ تەڭلىكتە قويمايلى. يېزىمىز نامرات بولغىنى بىلەن تارىخى ئۇزۇن، قەدىمىي يېزىلار- دىن. كونا مىس دېگەن ھەر بىر ئائىلىدە ئۇچراپ تۇرىد- دۇ. مىس قوڭغۇراق، مىس چۆگۈن، مىس قازان، چويلا - چۆمۈچ... ھەر بىر ئائىلىگە بىر تالدىن مىس بۇيۇم ئىئانە قىلىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈرسەك... بۇ ئىشقا ئۆزۈم مەسئۇل بولاي.

ئۇھ، باشلىق دېگەننىڭ ھەممىسى دانا بولىدىكەن. يېزا باشلىقىنىڭ شۇ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشمەيلا چاترىقىم- دىكى نەم قەيەرلەرگىدۇر يوقىدى. ئۇستۈمدىن چوڭ بىر يۈك ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىكلەپلا قالدىم.

ئەتىسىلا كەنت باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتۇق. يىغىندا ھەر بىر كەنتنىڭ ئائىلە، جان سانى بويىچە ۋەزىپە تەق- سىملەندى. ئىئانە تاپشۇرۇشتا ئىختىيارى بولۇش تەكىتلەن-

دىيۇ، بىرمۇ ئائىلىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىشقا بويتاۋلۇق قىلىشقا قەتئىي بولمايدىغىنى تەكراردىن تەكرار تەكىتلەندى. سۆزلەۋاتقان يېزا باشلىقىنىڭ گۆرەن تومۇرلىرى كۆپتى. ئاۋازى تېخىمۇ يۇمشىدى. مۇشتۇمى ئۈستەلگە تەكرار ئۇرۇلدى. تازا كۆچەپ ئۇرۇلدىكى، ئالدىدىكى چاي قۇتىسى بىر نەچچە قېتىم سەكرەپمۇ كەتتى.

ئەپسۇس، ئىشلار بىز ئويلىغاندەك ئوڭۇشلۇق بولمىدى. ھەپتە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ يىغىلغان مىس ئەسۋاب ماكچىيىپ كەتكەن بىر نەچچە تال كونا لېگەن، ئۈچ تال مىس قوڭغۇراق، چۆمۈچنىڭ كۆيۈپ كەتكەن نەچچە تال دەستىسىدىن ئاشمىدى. بۇلارنى ئېرىتىپ، ھەيكەل قاتۇرىدىغان بولساق قەھرىماننىڭ چىمچىلاق بارمىقىمۇ پۈتمەسلىكى بەرھەقلىشىپ تۇراتتى.

— ئەبلەخلەر! پوق تاغارلىرى! نانقاپلىرى! — كەنت مۇدىرلىرى مەجلىسخانىغا يەنە يىغىلدى، ئۈستەل يەنە مۇشتلاندى، چاي قۇتىسى يەنە سەكرىدى، — ئىئانە توپلاش ۋەزىپىسىنى بۈگۈن مۇشۇ يىغىن زالىدىن چىقماي ئولتۇرۇپ ئورۇنلىشىسىز! ئاياللىرىڭىزغا ئەر، قىزلىرىڭىزغا دادا كېرەك بولسا، ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئۆيىڭىزدىكى مىس قازان، مىس چۆگۈنلەرنى ئەكەپ بېرىپ ھەرقايسىڭىزنى ئېلىپ كېتىشسۇن! بولمىسا مۇشۇ جايدا ھەممىڭىز بىر كاللەكتىن مىسقا ئايلىنىسىز!

تاشنى تاياققا تېڭىۋاتقىنىمىز، ئاخىرى چىقماس بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغىنىمىز كەچ كىرمەيلا ئايان بولدى. يېزا باشلىقى چوڭ زالدا ئۈستەل مۇشتلاۋاتقاندا كىچىك مەجلىسخانىدا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىنى ئاچتۇق. گەرچە بۇ يەردە چاي قۇتىسى سەكرىمىگەن بولسىمۇ، ئۈستەل شاپىلاقلاندى، تۈكۈرۈكلەر چاچرىدى.

— گەپ ئاڭلىماسلىق دېگەن مانا! بويتاۋلۇق دېگەن مانا! سۇسلىغان روھ، كېمەيگەن ئىرادە دېگەن مانا! بىز نېمە ئويدا، دېھقان خەق نېمە كويدا! ئەمدى ھەممىڭىز بىردىن كەنتكە مەسئۇل بولۇشىسىز. كىم ۋەزىپىنى ئورۇنلىمايدىكەن...!

سېكرېتارنىڭ گېپى شۇ يەرگە يەتكىنىدە يېنىمدا ئولتۇرغان تەشۋىقات كادىرى تۇيۇقسىز يېڭىمدىن تارتقۇشلىدى:

— ھەممىسى بىكار، بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى «بۇت» ياساش ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان تەۋەررۈك مىس بۇيۇملىرىنى بىزگە ئىئانە قىلمايدۇ، قويچىلار شۇ گەپنى دېيىشۋاتىدۇ.

بۇ بەك مۇھىم يىپ ئۇچى ئىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدىم:

— بۇ گېپىڭىزنى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇڭ ئەمىسە.

— قويۇشقا ئۇنداق گەپنى، بىكارغا ئىزا ئاڭلىغۇم بارمۇ مېنىڭ؟

ئاق سېرىق ئاۋاق قۇلۇقۇمغا پۈۋلىگەنچىلىك قىلىپ شۇنداق دېدىيۇ، ئىپادە بىلدۈرۈشتە «ماڭا تەقسىم بولغان كەنتنىڭ مىس يىغىش ۋەزىپىسىنى بەلگىلەنگەن سان بويىچە چوقۇم، تەلتۆكۈس، ئۈزۈل - كېسىل، ئاشۇرۇپ ئورۇنلايمىز» دېگىنىچە مەيدە مۇشتلىدى. مەيدىسىنى باشقىلارمۇ مۇشتلىدى.

مەن بۇ خىل ئىپادىگە ياقامنى تۇتتۇم. كۆڭلۈمگە نامەلۇم بىر خىل غەشلىك باستۇرۇپ كىردى. غەشلىكنى ئانچە ئۆتمەيلا ئىككى نەپەر باشلىققا يەتكۈزدۈم.

— مانا، مانا! سۆرەلمىلىك دېگەن شۇ! ئىككى يۈزلىمىلىك دېگەن شۇ! بۇ ئىدىيەدىكى مەسىلە! سىياسىي مەيدان جەھەتتىكى مەسىلە! بىدئەتچىلىك دېگەنمۇ شۇ! دىنىي ئەسەبىيلىك دېگەنمۇ ئەنە شۇ! بۇ بىزنىڭ ئاتىزم تەربىيەسىنى ياخشى ئىشلىمىگىنىمىزنىڭ روشەن ئىسپاتى! بۈگۈندىن باشلاپ ھەممە كىشىنى بىر ئاي كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە سېلىش كېرەك!

— قۇرۇق شوئار بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ، — دېدىم مەنمۇ ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ، — بۇ يەردە مەسئۇللار ھە دېسىلا ئۇلۇغ گەپلەرنى كۆپ قىلىدىكەنمىز. مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى، خەلق قەلبىنى مايىل قىلىشنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەنمىز. تەربىيەمىزنىڭ شەكلى دەبدەبە، ئەسئەسە بىلەن تولغىنى بىلەن مەزمۇنى بەكلا پۇچەك! ھېچبىر ئەمەلىي ئۈنۈمى يوق! ئاڭلىسا بىر گەپمۇ خاتا ئەمەس، ئەمما، ھېچقايسىسى ئەمەلىيلەشمىگەن.

— سىز... سىز نېمە دېمەكچى؟

چىمچىقلانغان كۆز، توختىماي مىتىلداۋاتقان، يىمىرىلگەن لەۋلەرگە قاراپ مەنمۇ تۇرۇپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى مەنمۇ ئېنىق بىلمەيتتىم. ئەمما، كۆڭلۈمگە ئايان ئىدىكى، دەۋاتقان گەپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنىڭ بىر يەرلىرى خاتادەكلا ئىدى. كونىلار «كۆڭۈل دېگەن يېرىم ئەۋلىيا» دەپ ئېيتقان. ئەۋلىيا دېگەن ھېچقاچان ئادەم ئالدىمايدۇ. دېمەك، كۆڭلۈمگە ئايان بولۇۋاتقىنى خاتا ئەمەس. بىزنىڭ خىزمەت ئۇسۇل-

مىزدا ئېنىق مەسىلە بار. بىز ئامىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. بۇ نۇقتىنى مېنىڭچە بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئەمما، ھېچبىرى ئېغىزىدىن چىقارمايدۇ. كىم ئېغىزىدىن چىقارسا شۇ بالاغا قالىدۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ماڭا بولغان قارىشى نېمىشقىدۇر سۇسلاپ قالدى. راستىلا سۇسلاپ قالدىمۇ ياكى ماڭا شۇنداق تۇيۇلدىمۇ، بۇنىمۇ بىلمىدىم. ئىشقىلىپ يېزا باشلىقى بىلەن سېكرېتارنىڭ بۇرۇنقى قىزغىنلىقى، ھەر كۈنى دېگۈدەك يېرىم مەست ھالەتتە ياتىقىمغا كىرىپ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە يوقلاپ تۇرۇشلىرى بىراقلا ئازلىدى.

ياق، ئۇنداقمۇ بولماپتۇ: بۈگۈن كەچ يېزا باشلىقى ھارغىن بىر سىياقتا ياتىقىمغا كىردى. «مېنى مەستىمكىن دەپ قالماڭ ھە...» دېگىنىچە بوينۇمنى قۇچاقلاپ ئۇزاق دەرد تۆكتى. گەپلىرى تازا قولاشمايۋاتسىمۇ دېمەكچى بولغىنىنى مەن ئاڭقاردىم: سېكرېتارنىڭ ئۇنىڭغا دېيىشىچە ناھىيە ھەيكەلنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش كۈنىنى بېكىتىپ بېرىپتۇ. ھازىر بىز ئۇلارنىڭ نەزەرىگە ئىلىنىپتىمىز. ھەممە كۆز بىزگە تىكىلىپتۇ. ئەمما... ئەمما، يىغلىغان مىس...

— سىزدىن ئۆتۈنەي، — بوينۇمنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان يېزا باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئەمدى نېمىشقىدۇر يىغلامسىرىغاندەك چىقىپ كەتتى، — ئىدارىڭىزغا يەنە بىر بېرىپ كەلسىڭىز. بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىپ، بىرئاز راسخوت ھەل قىلىپ...

ئىدارىمىزنىڭ ھالى بىلەن باشلىقىمنىڭ مىجەزى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. شۇندىمۇ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىدارە باشلىقىمغا تېلېفون ئالدىم. ئاۋۋال بۇ يەردىكى ئىشلاردىن كۆپتۈرۈپ دوكلات قىلدىم. يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى كۈنىنىڭ كېلەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىغا بېكىتىلگىنىنى، ئۇنىڭغا چوقۇم قاتنىشىپ بېرىشىنى يېزا نامىدىن ئۆتۈندۈم. ئارقىدىن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئەسلى مەقسەتكە ئېغىز ئۈمەللىدىم.

— گېپىمىز گەپ، مۇراسىمغا چوقۇم بارىمىز! — قىلنى قىرىق يارىدىغان باشلىقىم تۇنجى كېكەچلىشىمدىنلا مەقسىتىمنى تولۇق ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى، — ئەمما، پۇل دېگەن گەپنى قىلغۇچى بولماڭ!

— ھېلىقى نازارەت...

— قويۇڭ ئۇنداق گەپنى! بىرەر ھەيكەلنى پۈتتۈرەلمىگەن ھالىڭلارغا بۇ يەرگە دوكلاد كۆتۈرۈپ كەلگۈچە...

ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپىنى بۇ يەردە يازغىلى بولمىدى. يېزىش تۈگۈل ئۇ گەپنى بىرەرىگە دېگىلىمۇ بولمايتتى.

دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. ماڭا قاراپ تۇرغان سېكرېتار بىلەن يېزا باشلىقىنىڭ چىرايىغا يەر تېگىدىن باقسام ئۇلارنىڭ رەڭگىمۇ ئۆڭۈپ، باشقىچىلا بىر سىياققا كىرىپ قاپتۇ. بۇرنۇمنىڭ ئۇچىدىن تەپچىرىگەن شەبنەم لىۋىمگە قوندى. شۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپ يېزا باشلىقى گويا ئۆزىگە كايىۋاتقاندەك بىر ئاھاڭدا غۇدۇڭشىدى:

— ھەيكەل قاتۇرۇمىز، دەپ نەدىكى بىر گەپنى كۆتۈرۈپ قوپقۇچە قوڭنى قىسقانمۇ ھۈنەر ئىدى، ئۇكام. ئەمدى نېمە قىلىسىڭىز قىلىڭ، كېلەر ھەپتىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھويلىسىغا چىرايلىق بىر...

— يېزا باشلىقى توغرا دېدى، — سېكرېتار قولىنى كۆچەپ شىلتىپ، تاشلىغان تاماكىسىنى بار كۈچى بىلەن دەسسىدى، — نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ، ھەيكەلنى چوقۇم بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە پۈتتۈرۈڭ. بۇ سىزگە بېرىلگەن سىياسىي ۋەزىپە. ئادا قىلالمىسىڭىز بۇ يەردىن لاياقەتلىك دېگەن باھا سۆزىنى يازغۇزۇپ قايتىمەن دېمەڭ! تەشكىلات بۆلۈمىگە ئۆزۈم كىرىپ... بىز سىزنى ئۇلۇقبەلگە چىقىڭ دەپ بۇيرۇغانما؟!

ئۇلار يېنىمدىن قايسى ۋاقىتتا چىقىپ كەتتى، كۆز ئالدىم قاچانلاردا خىرە بولسىمۇ سۈزۈلدى، بىلمەيمەن. كاللام قۇرۇق غوڭۇلدايدۇ. تاڭلىيىم قۇرۇپ، تىلىم ئېغىزىمنىڭ قەيېرىگىدۇر چاپلىشىپ قاپتۇ.

كەچ كىرگۈچە خامۇشتەكلا يۈردۈم. كۆزۈم تەكرار يۇمۇشلىنىدۇ. نېمىگىدۇر پۇشايمان قىلغاندەكمۇ بولىمەن. شۇندىمۇ يۇمۇشلانغان كۆز ئالدىمغا يەنە شۇ ئۇلۇقبەلدىكى كونا ئامبار، ئامباردىكى توپا بېسىپ ياتقان بۆز تاغار ۋە تاغاردىن بېشىنى چىقىرالماي سەكپارە بولۇۋاتقان ئىككى چىراي گەۋدىلىنىۋاتىدۇ. قانچە قىلىپمۇ ئۇ ئىككى چىرايىنى كۆز - ئۆڭۈمدىن زادىلا يىراقلىتالمىدىم. گەرچە ماڭا ئۇ سىما، ئۇ چىرايلارنى بۇ ئۆمرۈمدە بىرەر مەرتە كۆرۈش نېسىپ ئېتىلمىگەن بولسىمۇ، ئۇ بىچارە چىرايلارنىڭ ھەر ئىككىسى ماڭا تولىمۇ تونۇش ۋە يېقىملىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

ھالسىرىغان تېنىمگە شۇ چىرايلار مەدەت بولدى. يېتىمسىرىغان روھىمغا شۇ سىمالار كۈچ بەردى. گەرچە ھەي-

كەلنى قاچان ۋە قانداق ئۇسۇلدا ياساپ پۈتتۈرۈشۈم نائې-
ئىق بولسىمۇ، نامەلۇم بىر كۈچ مېنى قەتئىي بىر ئىرادىگە
يېتەكلەۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆڭلۈم خامۇش بولسىمۇ بىرە-
رىگە ھال ئېيتقۇم، مەسلىھەت سورىغۇم، يېزا باشلىقى
مېنىڭ بويىنۇمنى قۇچاقلىغاندەك مەنمۇ بىرەرىنىڭ بويىنىنى
قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇڭداشقۇم بار ئىدى. ئەمما، كىمنىڭ
بويىنىنى قۇچاقلاشنى بىلمەيتتىم.

ئاخىرى كۆز ئالدىمغا يەنە شۇ ئاقسېرىق تەشۋىقات
كادىرى كەلدى. ئۇنى ئىزدىدىم. گەرچە ھەرقانچە قىلىپمۇ
بويىنىدىن قۇچاقلاش قولۇمدىن كەلمىگەن بولسىمۇ، كۆڭ-
لۈمدىكىنى دەۋالدىم.

— سىزدىن پەخىرلىنىمىز، — ئۇ تۇرۇپلا قولۇمنى
مەھكەم سىقىپ، كۆزۈمگە ئۈمىد بىلەن قاراپ تۇرۇپ
دېدى، — سىز يېزىمىزغا بىر سىلكىنىش ئاتا قىلدىڭىز.
مۇگدەك باسقان روھىمىزنى ئويغاتتىڭىز. ھازىر بۇ يەردە-
كى ياشلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىۋاتىدۇ.

— مېنى خىجىل قىلماڭ، مەن بۇ يېزىغا ھېچ ئىش
قىلىپ بېرەلمىدىم.

— بىز يەنىلا ھەيكەلنىڭ گېپىنى قىلىشايلى، سىز
قانداق ئويلاۋاتىسىز؟

مەن ھېچنېمە ئويلىمىغىنىمنى، ئويلىيالمىغىنىمنى ئۇنىڭ-
دىن يوشۇرمىدىم. شۇڭا ئۇنى ئىزدىگىنىمنى قوشۇپ
قويدۇم.

— نەچچە تونىنا كونا مىس يىغىلغان ھالەتتىمۇ بىز ئۇ
ھەيكەلنى پۈتتۈرەلمەيمىز. نەدە، قانداق ئېرىتىپ، كىم لا-
يىھەلەپ، كىم قېلىپ ياساپ...

— شۇنداقتىمۇ...

— توختاڭ، سۆزۈمنى بۆلمەڭ. شۇڭا بىز ئەمدى ئۇ
ھەيكەلنى لايدىن ياسايلى، سېغىز لايدىن، — تەشۋىقات
كادىرىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قولىقىم ۋاڭڭىدە ئېچىلىپ
كەتكەندەك بولدى. كۆز ئالدىممۇ بىراقلا سۈزۈلدى، —
يېزىمىزدا بىر كۇلالچى بار، قولىدىن لايدىن پۈتىدىغان
ھەممە ئىش كېلىدۇ. ياش ۋاقتىلىرىدا داھىيلارنىڭ ھەيكىلى-
نى ئاتئېغىللىرىغىمۇ ياساپتىكەنمىش. يەنە، باشلانغۇچ
مەكتەپتە بىر گۈزەل سەنئەت مۇئەللىمى...

ئەمدى باغرىم كەڭ يېيىلدى. جىسمىمدا بىر قۇۋۋەت
غەليان كۆتۈردى. ئۇنى بار كۈچۈم بىلەن قۇچاقلىدىم:

— ئېيتىڭا، شۇ كۇلالچى ھازىر نەدە؟!

— ئۇمۇ ئۇلۇقبەلدە، ئۇ كىشى ئەمدى بوت ياسىماي-
مەن، دەپ تۇرۇۋالمىسىلا...

بەلگىلەنگەن مۆھلەتتىن بىر كۈن بۇرۇن يېزىلىق
ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سەيناسىدا تولىمۇ سىپتا، تولىمۇ كۆركەم
بىر ھەيكەل قەد كۆتۈرۈپ ئۈلگۈردى. تېگىگە ئۈچ پەش-
تاقلىق ھۇل قوپۇرۇلغان، پەشتاق ئۈستىدىكى سۇپىنىڭ
مەڭزىگە نەقىش ۋە گۈللەر قاپارتما قىلىپ ئويۇلغان، سۇ-
پىدىكى سانجاق - سانجاق گۈللەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا
بولجۇڭلىرى كۆپكەن، يىراقلارغا ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن
كۆزلىرىدىن جەسۇرلۇق تېمىپلا تۇرغان يېرىم بەدەن
ھەيكەل پۈتۈپ ئۈلگۈرگىنىدە سېكرېتارنىڭمۇ، يېزا باشلى-
قىنىڭمۇ جاۋغىيى قۇلىقىغا يەتتى!

— چانمېغۇدەك قىلىپ مىس رەڭلىك ھەل بېرەلىگەن
بولساق تېخىمۇ...

— سىرلايلى! ھەل بېرەيلى! — يېزا باشلىقىنىڭ سۆ-
زىگە ئۇلاپلا سېكرېتار تېخىمۇ ھاياجانلاندى، — بۈگۈن
كېچىدىن قالدۇرماي...! مېنىڭ بىر سىرچى يۇرتلۇقۇم بار،
ھازىرلا...

— ئۆزۈم سىرلايمەن، — كۆز ئايلىرىنىڭ ئەمدى
كىرگىنىگە قارىماي تېرە جۇۋىسىنى كىيىپ ئۈلگۈرگەن،
ئورۇق، شادا بوي كۇلالچى ئۆز ئەسىرىدىن كۆزىنى
ئۈزمەي تۇرۇپ، گويا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك بىر
ئاھاڭدا دېدى، — بۇ يىگىتنى داۋان كەينىگە كۆمۈشكە
مەنمۇ قاتناشقان. ئۆتكەن قېتىم بىلمەيمەن دېگىنىم بىلەن
ئۇنىڭ بوي - بەستى، چىراي تۇرقى ھېلىھەم كۆز ئالدىمدا.
كىيىم تىكىشنى بىلگەن كىشى دەزماللاشنىمۇ بىلىدۇ. مۇئەل-
لىم بىلەن بىرلىشىپ...

ئۇنىڭ سۆزى سەل قاتتىق كەتكەن بولسىمۇ ھېچقاي-
سىمىز كۆڭلىمىزگە ئالمىدۇق. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ تالاشقۇ-
دەك ۋاقتىمىز قالمىغانىدى. كەلگەن، كېلىۋاتقان مېھمانلى-
رىمىز ھەممىمىزنى ئالدىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. مەنمۇ مېھمان
باشلاپ كېلىدىغان ئىدارە باشلىقىمنىڭ ئالدىغا...

ئەتىسى تاڭ بىلەن تەڭ مەكتەپ ھويلىسى بايرام شا-
دىيانىلىقىغا چۆمدى. گۈمبۈرلەۋاتقان دۇمباق، ناغرا بىلەن
زىل سايراۋاتقان سۇنايىنىڭ ئۈنى يىراق يېقىندىن كەلگەن
ھەر ۋۇجۇدنى لەرزىلەپ، ھەر يۈرەككە يېڭىدىن يېڭى
ئىلھام بەخش ئەتتى. سەينادىكى رەڭدار بايراقلار يېنىك
جەۋلان قىلىپ، پۈۋلەپ كۆپتۈرۈلگەن، ئىنچىكە يىپلارغا

چېگىلگەن ئالا - يېشىل شارچىلار كۆك قەھرىدە لەرزان پۇلاڭلىدى.

ھەممىمىز قارا دۇخاۋا پەردە بىلەن ھەم چۈمكەلگەن ھەيكەل ئالدىغا ۋاقىتلىق ياسالغان سەھنىگە ئېھتىرام بىلەن باقاتتۇق. سەھنىدە بىر - بىرىدىن سەرخىل مۆھتىرەملەر قاتارى تىزىلىپ كېتىشكەن ئىدى. ھەممىسىنىڭ چېھرىدىن كۈلكە تەپچىرەيتتى. ھەممە كۈلكىدىن رازىمەنلىك بالقىپ تۇراتتى.

رىياسەتچىنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن ياڭرىغان جاراڭلىق ئۈنى نە - نەلەردىن ئەكس سادا بولۇپ قايتتى. پارقىراق دۇخاۋا پەردە ئاستا - ئاستا تارتىپ چۈشۈرۈلدى. شۇئان كۆز ئالدىمىزدا ئالتۇندەك تاۋلانغان، يېقىنلا يەردىكى ئاۋۇ تاغ چوققىسىدەك قاۋۇل بىر ھەيكەل نامايان بولدى. گويا تىرىك جاندەكلا كۆرۈنىدىغان ھەيكەلنىڭ نۇرانە جامال ئېچىشى بىلەن تەڭ پۈتۈن مەيدان «ۋاھ...ھ!» دېگەن سۆيۈنۈش ئاۋازىغا لىق تولدى. تەرتىپ بىردەمگىنە قالايمىقان بولۇپ، ھەممە جان شامالدىكى قومۇش دولقۇنىدەك داۋالغۇدى. ھەممە بەدەن قەھرىمانە شۇ قامەتكە، جەسۇرانە شۇ ھەيكەلگە لۆمشۈگەن سەلدەك ئىنتىلدى!

دەل شۇ چاغدا — ھەممىمىزنىڭ يۈرىكى كۈچلۈك ھاياجاندىن بايامقى ناغرا - دۇمباقلاردەك سوقۇۋاتقان، جىسمىمىز ئالتۇنرەڭ ھەيكەل تامان لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان دەل ئاشۇ ۋاقىتتا ھاۋا تۇيۇقسىز تۇتۇلدى. ئەسلىدىمۇ تاغ يېرى دېگەننىڭ ھاۋاسى چىرايلىق خوتۇننىڭ كۆڭلىدەك تولا ئۆزگىرىپلا تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ بۈگۈنكى ئۆزگىرىشى تېخىمۇ تۇيۇقسىز، تېخىمۇ بەھەيۋەت بولدى. بىر - بىرىنى تۈرتەكلەپ باستۇرۇپ كەلگەن قاپقارا بۇلۇت قورسىقىدىكى جىمى ئەپىغاننى كۆز يېشىغا ئايلاندۇرۇپ سەينا ئەھلىگە تۆكمەكچى بولغاندەك شارىلداپ قۇيۇۋەتتى.

رەڭدار شارلار پاتاسلاپ ئېتىلىپ، ئالامان ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېتىشتى.

مەن ئەتتىگەن قانداقتۇر بىر تۇيغۇنىڭ دەيدىيى بىلەن قولتۇقلىۋالغان كۈنلۈكۈمنى كۆتۈرگەنچە سەھنە تامان ئۈچتۇم. كۈنلۈكنى كەڭ يېيىپ، ئىدارە باشلىقىمنىڭ بېشىغا تۇتماقچى بولدۇم. دەل شۇ چاغدا مەيدان يەنە بىر نۆۋرى ئۆرە - تۆپە بولدى. ئالامان يەنە بىر مەرتە دولقۇنلىدى. قارىسام چېلەكلەپ تۆكۈلۈۋاتقان كۈچلۈك يامغۇر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مىسرەڭ ھەيكەلنىڭ ئۇستىۋاشلىرىنى تولۇق يۇيۇپ، ئۇنىڭ بايامقى نۇرانە رۇخسارىنى نەلەرگىدۇر ئېقىتىپ كېتىپتۇ. رۇخسارىنىلا ئەمەس...

بۇ قاباھەتتىن تۇرۇپلا قالدىم. كۆزۈم تەكرار يۇمۇشلاندى. جىسمىم سىلكىندى. تۇرۇپلا مەنمۇ يامغۇردەك تۆكۈلدۈم. ئەمدى تۆكۈلۈۋاتقىنى يامغۇر ئەمەس، كۆز ياشلىرىم ئىدى. سېغىز لايدەك ئېزىلىۋاتقىنى ھەيكەل ئەمەس، يۈرىكىم ئىدى! شامدەك ئېرىپ ئېقىۋاتقىنى قەھرىمان ئەمەس، ۋۇجۇدۇم ئىدى!

قاچانلاردىدۇر بىر كۈچلۈك قول قولۇمدىكى كۈنلۈكنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئالدى. قارىسام باشلىقىم ئىكەن. مەن ھاڭقىيىپ تۇرۇپلا قالغان شۇ دەقىقىدە ئۇ ئىككى تاقلاپلا بېرىپ قولىدىكى كۈنلۈكنى باش كۆزلىرى ئېرىپ بولايلا دەپ قالغان ھەيكەلگە تۇتتى. شۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپ ئورۇق ئەت كۇلالچىمۇ جۇۋىسىنى سالغىنىچە جامائەت ئارىسىدىن زەبەردەست قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەلدى.

ئىسسىق جۇۋا نامسىز قەھرىماننىڭ يېرىم ئەت ھەيكىلىگە خويمۇ ياراشتى.

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى چىڭداۋ گۈللىكىدە ئولتۇرۇشلۇق.

**بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قارائېكىن (تەكلىپلىك).**

ئەخمەتجان قاسىم

# تارىخنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىبرىتى



ئۆتمۈشى غۇۋا مىللەتنىڭ كەلگۈسىمۇ غۇۋا بولىدۇ.

**ــ ھېرمان ۋامبېرى**

تارىخنىڭ قۇدرىتى ئاتوم بومبىسىنىڭ قۇدرىتىدىنمۇ كۈچلۈك.

**ــ ئارنولد تويىنبى**

ئالەم بىنا بولغاندىن بىرى ئالەمنىڭ، ئىنسان پەيدا بولغاندىن بىرى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى باشلانغان. شۇنداق بولغاچقا دۇنيادا تارىخى يوق شەيئى يوق، ئەمما تارىخى يېزىلمىغان شەيئى بار. تارىخ ئىنسانلار تارىخى ۋە تەبىئەت تارىخى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىنسانلار تارىخى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى، مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، قەدىمدىن بېرى دۇنيادىكى ھەممە ئەل ۋە قوۋملارنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ كەلدى. قەدىمي تارىخ ھامان ئىنسانلارنى قىممەتلىك ھېكمەت ۋە ئىبرەت بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇردى. تارىخقا ئەھمىيەت

تارىخنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىبرىتى

بەرگەن ئەل ۋە قوۋملار ئەجدادلىرىنىڭ خاتالىقىنى تەكرارلاشتىن ساقلىنىپ قالدى. ھالبۇكى، تارىخنىڭ ھېكمەت ۋە ئىبرىتىگە سەل قارىغان قوۋملار ھە دېگەندە ئەجدادلىرىنىڭ خاتالىقىنى تەكرارلاشتىن خالىي بولالمىدى. ئۇلارنىڭ ئەجدادىنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلمەسلىكى كەلگۈسىنى بىلىشتىنمۇ مەھرۇم قالدۇردى. بۇ جەرياندا تارىخنىڭ مۇھىملىقى تەبىئىي يوسۇندا ئىپادىلىنىپ چىقتى.

ھەرقانداق بىر قوۋم ئىقتىسادىي ياكى مەنىۋى جەھەتتە كىرىزىسقا دۇچ كەلگەن ياكى كىرىزىس ئېغىر ئويغانغاندا، تارىخنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ تونۇپ يېتىدۇ. ئۆزىنىڭ تارىخىدا ئېرىشكەن ۋە يوقاتقانلىرى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىدۇ. ئەجداد تارىخىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى سېلىشتۇرۇپ، كەلگۈسى ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. ئەجدادىنىڭ تارىخىي ئەۋلادنى تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلار بىلەن تەمىنلەپ، ئەۋلادلارنى ئەجدادى ماڭغان ئەگرى يولدا تەكرار مېڭىشتىن، ئەجدادى ئۆتكۈزگەن سەۋەن ـ خاتالارنى قايتىلاشتىن ساقلاپ قالالايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئىنسانىيەتنىڭ يازما تارىخى تەدرىجىي يوسۇندا بارلىققا كەلگەن.

**جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ تارىخ قالدۇرۇش ئەنئەنىسى**

غەرب تارىخشۇناسلىقىنىڭ مەنبەسى قەدىمكى يۇنان-

دىن باشلىنىدۇ. يۇناننىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تارىخىي ۋەقەلىرى ئەما شائىر ھومېر تەرىپىدىن يېزىلغان «ھومېر داستانى» ئاساسىدا تارقىلىپ كەلگەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئىئونىيەدە نەسر شەكلىدە يازىدىغان نۇرغۇنلىغان «ۋەقە خاتىرىلىگۈچى» مەيدانغا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا «ۋەقە خاتىرىلەش» مەخسۇس تېمىغا ئايلانغان بولۇپ، ھەممىسى ئەمەلىي ۋەقەلەرگە ئاساسەن يېزىلغان. بۇلار رىۋايەت ۋە داستانغا ئوخشىمايتتى. ئۇلاردا بىر خىل قانۇنلىشىپ قالغان خاھىش بولۇپ، خاتىرىلەرنى رېئاللىق بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشاتتى. كېيىنچە بۇ خىل چىنلىقنى قوغلىشىش روھى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلىنىپ، يۇنان تارىخشۇناسلىقىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئەنئەنىگە ئايلانغان.

غەربتە «تارىخشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان ھىرودوت (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 484-يىلىدىن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 424-يىلىغىچە ياشىغان) «تارىخ» (يەنە بىر ئىسمى «يۇنان — پېرسىيە ئۇرۇش تارىخى») دېگەن كىتابى بىلەن مەشھۇر. ھىرودوت «تارىخ» ناملىق ئەسىرىنى يېزىش جەريانىدا، قەدىمكى ئىئونىيەلىكلەرنىڭ تارىخ خاتىرىلەش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، چىنلىقنى قوغلىشىش روھىنى ئىپادىلىگەن. يازغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال ۋەقەلەر بولغان. ھىرودوت بىرەر رىۋايەتكە ئوڭاي ئىشىنىدىغان «ۋەقە خاتىرىلىگۈچى»دىن، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە تارىخشۇناسقا ئايلانغان.

ھىرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى ئەڭ بۇرۇن بولغاندىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 430-يىلى يېزىلغان. ئەمما ئۇ غەرب تارىخىدا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان تۇنجى تارىخىي ئەسەر. شۇڭا رىم پەيلاسوپى كىكېرو ھىرودوتنى «تارىخشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى» دەپ تەرىپلىگەن، بۇ گۈزەل نام داۋاملىق تۆردە غەربتە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

فوكىدىد (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 460-يىلىدىن، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 395-يىلىغىچە ياشىغان). قەدىمكى يۇناندا ھىرودوتتىن كېيىن چىققان يەنە بىر مەشھۇر تارىخشۇناس بولۇپ، ئۇ «پېلوپوننېس ئۇرۇش تارىخى»نى يازغان. فوكىدىدنىڭ «پېلوپوننېس ئۇرۇش تارىخى» ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇپەسسەل تارىخشۇناسلىق ئۇسۇلىنى نامايان قىلغان. يازغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي بولۇپ، ئىشەنچلىك تارىخ دېرىكى بولىدۇ. فوكىدىد ئەينى زاماندىكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىزدەشتەك روھىنى ۋە لوگىكىلىق ئۇسۇلىنى تارىخ تەتقىقاتىدا قوللىنىپ، كېيىنكى زامان كىشىلىرىنىڭ تارىخ يېزىش ئىشلىرى ئۈچۈن شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

فىرانسىيەنىڭ تۇنجى گۇمانىستىك تارىخشۇناسى كومىمنىس (1445 — 1509) تارىخ ئىلمىنىڭ ئەمەلىي قىممىتىنى تەكىتلەپ، «سىياسىيونلار بىلەن دىپلوماتلار چوقۇم تارىخنى بىلىشى لازىم. چۈنكى ئۇ رېئال تۇرمۇشنى چۈشىنىشتىكى ئاچقۇچ» [1] دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان.

تارىخ يېقىنقى زامانغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، غەرب ئەللىرىدە تارىخنىڭ نوقۇل سىياسىي تارىخ بولۇشىدىن مەدەنىيەت تارىخىي يۆنىلىشىگە باشلايدىغان تارىخشۇناسلار بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ۋەكىلى فىرانسىيەلىك ئاقارتىش مۇتەپەككۇرى ۋە تارىخشۇناس ۋولتېر (1691 — 1778) ئىدى. ئۇ ئىدراك ئارقىلىق ئۆتكەنكىگە نەزەر سېلىشنى، ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ تۆھپىسى بىلەن سەۋەنلىكىنى ئۆلچەپ، «پەلسەپىۋى مەنىگە ئىگە تارىخ»نى بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ قىبلىنامىسى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ تارىخشۇناسلىق ساھەسىنى كېڭەيتىپ، ئومۇمەن ئىنسانلار جەمئىيىتى تۇرمۇشىنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى — سىياسىي، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئۆرپ-ئادەت، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا-سانائەت، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى، تۇرالغۇ جاي، ئوزۇق-تۈلۈك، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تارىخ تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ» [2] دەپ ھېسابلىغان. بۇ جەھەتتە ئۇنى مەدەنىيەت تارىخچىلىقىنىڭ ھەقىقىي ئۇل سالغۇچىسى دېيىشكە بولىدۇ.

مەملىكىتىمىز جۇڭگو تارىخشۇناسلار ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. تارىخشۇناسلىقنىڭ مەنبەسى ۋەقەلەرنى خاتىرىلەشتىن باشلانغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئېلىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيىتىدە كىشىلەر ئارغامچىنى تۈگۈنچەك قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەن، بۇ خىل

ئۇسۇل تولىمۇ ئاددىي بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خاتىرىلىگەنلىرىنى بىز بىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىز بىلىدىغان ئەڭ دەسلەپكى تارىخ كۆپىنچە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ كەلگەن.

ئېلىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى تارىخشۇناسلىقى سىماچيەن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 145 ـ ؟)تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي خاتىرىلەر»دىن باشلانغان. ھىرودوت غەربتە «تارىخشۇناسلىقنىڭ ئاتىسى» دەپ تەرىپلەنسە، سىماچيەن جۇڭگودا «تارىخشۇناسلىقنىڭ پېشۋاسى» دەپ قارىلىدۇ.

جۇڭگونىڭ كىلاسسىك تارىخشۇناسلىرى «قەدىمكىنى ئۆگىنىش، كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈندۇر» دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، تارىخ ئۆگىنىشنى كەلگۈسىنى بىلىشنىڭ يولى دەپ ھېسابلاشقان. مۇتەپەككۇر كۇڭزىمۇ «قەدىمكىنى يېزىش كېيىنكىلەر ئۈچۈندۇر. تارىخ ئۆگىنىش ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن بولۇپ، ھەرگىزمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئارقىغا قايتىش ئۈچۈن ئەمەس» [3] دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان.

تارىختىن بىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى خان ـ پادىشاھلارنىڭ كۆپىنچىسى ھاكىمىيەتنى ئەلەمگە تايىنىپ ئېلىپ، قەلەمگە تايىنىپ ئىدارە قىلغان. بۇ جەرياندا پادىشاھلار ئىلگىرىكىلەرنىڭ قالدۇرغان تارىخلىرىدىن ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمىنلىكى، ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۇنۇملۇك يوللىرى ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلغان.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ھۆكۈمرانلىرى تارىخ خاتىرىلەشكە ۋە تارىختىكى گۈللىنىش ۋە خارابلىشىشتىن ئۆرنەك ۋە ئىبرەت ئېلىشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. تاڭ سولالىسى پادىشاھى لى يۈەن «تارىخىي ئەسەرلەر ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ، جاھان ئۆزگىرىشلىرىنى تەنقىد قىلىدۇ. قەدىمكىنى كۆپرەك بىلگەندە كەلگۈسىگە ئىبرەت قىلغىلى بولىدۇ» [4] دەپ قارىغان بولسا، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى لى شىمىن «ئالدىنقى پادىشاھلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە سەۋەنلىكلىرىنى كۆرۈپ چىقىش، خۇددى ياندا ئېلىپ يۈرىدىغان ئەينەككە ئوخشاشتۇر؛ ئادالەتنى ياقلاپ جاھالەتنى سۆكۈش كەلگۈسىگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈندۇر» [5] دەپ قارىغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار ئۇردىدا تارىخ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئەۋلادلىرى ئۈچۈن تارىخ يازدۇردى. ئەينى دەۋردىكى تاللاندغان يۇتۇكچىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ دەۋرنىڭ داڭلىق تارىخچىلىرى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان گوڭ زىچېن «قەدىمكى تارىخلارنى قېزىش»، «تارىخقا ھۆرمەت قىلىش» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە، تارىخشۇناسلىق بىلەن مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتىنى كۆچەپ شەرھلىگەن. ئۇ جۇ سۇلالىسى تارىخىنى مىسالغا ئېلىپ «تارىخ مەۋجۇت ئىكەن جۇ سۇلالىسى مەۋجۇت، تارىخ يوقىلىدىكەن جۇ سۇلالىسىمۇ يوقىلىدۇ»» [6] دەپ قارىغان. ئۇ تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ «جاھاندىكى ۋەزىيەت، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتى، ئۇلىمالارنىڭ ئورنى، دۆلەتنىڭ، ئەجدادلارنىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرىنى، ئەدەپ ـ قائىدىلەرنى، سىياسەت، ئەدلىيە، قەدىمكى تىل ۋە ئالىملىرىنى خۇددى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىنى بىلگەندەك بىلىشى كېرەك؛ چۈنكى ھەقىقەتنى ئىگىلىمەكچى بولىدىكەنسەن چوقۇم تارىخنى بىلىشىڭ كېرەك.» [7] دەپ قارىغان.

ئاۋامغا نىسبەتەن تارىختىكى ۋەقە ۋە ھادىسىلەر، گۈللىنىش ۋە خارابلىشىشتىن ئىبرەت ئېلىش قانچىكى مۇھىم بولسا، تارىخشۇناسقا نىسبەتەنمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تارىخچى ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇتۇق ـ نەتىجىلىرىدىن ئۈلگە ئېلىش ، سەۋەن ـ خاتالىقلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش شۇنچىكى مۇھىمدۇر. بۇ جەھەتتە جۇڭگونىڭ كىلاسسىك تارىخشۇناس ۋە تارىخنامىلىرى كېيىنكىلەرنى نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئۈچۈرلار بىلەن تەمىنلىگەن.

لياڭ چىچاۋ «جۇڭگونىڭ كونا تارىخى پەقەت سىياسىيغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا ساھەلەرنىڭ تارىخىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن. يازغان سىياسىي تارىخلىرىنىڭ ھەممىسى يەنە كېلىپ بىر فامىلە، بىر جەمەت خاندانلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى ۋەقەلەرنىلا يېزىپ قويغان بولۇپ، سىياسىنىڭ ھەقىقىي ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈشى كەمچىل. ئۇنى پەقەت پادىشاھلارنىڭ ئائىلە شەجەرىسى، پادىشاھلارنىڭ ئوقۇشىغا تەييارلانغان كىتاب، پادىشاھلارنىڭ دەرسلىكى» [8] دەپ قارىغان.

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ياشىغان جاڭ تەيىەن «تارىخ ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا شەخسلەرنى مەدھىيەلەپ، چۆكتۈرىدىغان، ۋەقەلەرنى ئاددىي ھالدا بايان قىلىدىغان بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي سىياسىنىڭ تەد-

رىجى تەرەققىي قىلىپ ئاجىزلىشىشىدىكى ئەسلىي قانۇنىيەتنى ئىختىرا قىلىدىغان بولۇشى، ھەرگىزمۇ قەدىمكىگە مەدھىيە ئوقۇپ، بۈگۈنكىنى ئىنكار قىلىپ، كىشىلەرنى ئارقىغا قاراشقا يېتەكلىمەستىن، ئەكسىچە مىللەت روھىغا ئىلھام بېرىپ، كەلگۈسىنى يورۇتۇپ بېرىپ، كىشىلەرنى ئالغا قاراشقا يېتەكلەيدىغان بولۇشى كېرەك» [9] دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان.

قۇللۇق ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتە تارىخنىڭ ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ سىياسىي مەنپەئىتى ۋە ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت. تارىخنىڭ چىنلىقى ماتېرىيالنىڭ ئىشەنچلىكلىكىدىن كېلىدۇ. لېكىن ئۆتكەن سۇلالىلەردە تارقىلىپ كېلىۋاتقان تارىخىي كىتابلاردا، تۈزگۈچىلەرنىڭ تارىخىي ۋە سىنىپىي چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن بىر مۇنچە ساختا ئىشلار ۋە نۇقسانلار مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا ساقلىنىپ كەلدى. بۇنداق ساختا ئىش ۋە نۇقسانلارغا قارىتا ئۇلارنى تەتبىقلاشتىن ئىلگىرى پەرقلەندۈرۈش، تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش لازىم.

مەملىكىتىمىزدىكى كىلاسسىك تارىخىي كىتابلارنىڭ ھۆكۈمەت تۈزگەن ۋە شەخسلەر تۈزگەن دېگەن ئىككى خىل شەكلى بار. ھازىر دېيىلىۋاتقان رەسمىي تارىخ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا پادىشاھنىڭ تەستىقى بىلەن تەرجىمھال بايان قىلىش ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان «24 تارىخ»تۇر. رەسمىي تارىخلارنىڭ ئاز ساندىكىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ ساندىكىسىنى ھۆكۈمەت يازدۇرغان. تارىخشۇناسلىق تارىخىدىن مەلۇمكى، غەربتە بارلىققا كەلگەن ئەڭ نادىر تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى شەخسلەر يازغان. شەخسلەر يازغان تارىخ غەرب تارىخشۇناسلىقىدا مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەكسىچە، قەدىمىي جۇڭگودا شەخسلەر يازغان تارىخ بار بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تارىخ مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

«ھۆكۈمەت تۈزگەن تارىخىي كىتابلاردا، ماتېرىيال مول، يىل تەرتىپى خېلى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما كېيىن قۇرۇلغان سۇلالە گۇمران بولغان ئالدىنقى سۇلالىنىڭ تارىخىنى يازغان بولغاچقا، ھەسەت قىلىش، ئۆزگىرا كۆرەلمەسلىك خاھىشى خېلى ئېغىر، بۇرمىلانغان ساختا ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس. شەخسلەر تۈزگەن كىتابلارغا كەلسەك، ئەينى زامانلاردىكى تارىخىي شارائىتتا كىتاب يېزىشتىكى مەقسەت ۋە ۋەزىپىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر بۇ كىتابلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئازدۇر - كۆپتۇر تەسىر يەتكۈزگەن.» [10] شۇبھىسىزكى، تارىخنى بۇرمىلاش ئاسان، ئەمما ئەلنىڭ قەلبىنى بۇراش بەسىي مۇشكۈل.

تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىلىنىشى تارىخىي ۋەقە يۈز بەرگەن دەۋردىن قانچىكى يىراقلاشسا ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قالىدىغان پەرەز، گۇمان ھەتتا ئويدۇرمىلارمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. جۇڭگودا «تارىخىي ماتېرىياللار سان - ساناقسىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ يىللىرى ئېنىق بولمىغان، راست - يالغىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئوخشاش بىر مەسىلىدىكى ماتېرىياللار ھەرخىل بولۇپ، ئوخشىمىغان ھالدا خاتىرىلەنگەن» [11].

«تارىخنى رومان يازغاندەك پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. تارىخىي ماتېرىياللار چىنلىق بىلەن خاتىرىلىنىشى، مۇبالىغە قىلىنماسلىقى، رەزىللەشتۈرۈلمەسلىكى ۋە كۆپتۈرۈلمەسلىكى لازىم. ئەمما قەدىمكى دەۋرلەردىكى كىتابلاردا بۇنداق بولمىدى». [12]

گەرچە جۇڭگونىڭ كىلاسسىك تارىخنامىلىرى ئۇنداق ياكى بۇنداق نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ.

**ئەپسانىنىڭ تارىخلىقى ۋە تارىخنىڭ ئەپسانىلىشىشى**

تارىخنىڭ مىللەتنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ،ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى رىشتىنى كۈچەيتىشتىكى رولىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ ئەلۋەتتە. ئەمما قەدىمدە كۆپلىگەن قوۋملار تارىخ قالدۇرۇشقا دېگەندەك ئېتىبار بەرمىگەن. ئۇلار ئۆز تارىخىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەندە، چىن تارىخ ئۇنتۇلغان، تارىخ ياراتقۇچىلار ھەم ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇلارغا قالغىنى تارىخنىڭ شولىسى بولمىش ئەپسانە - رىۋايەتلەرلا بولغان. بۇ خىل ئەھۋالدا قالغان قوۋم بىر بولسا سۈكۈت قىلىشقا، بىر بولسا ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى تارىخ ئورنىغا دەسسىتىشكە مەجبۇر بولغان. ئەپسانە - رىۋايەتتىن تارىخ ئىزدەش دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەنگە باراۋەردۇر. سىماچيەن يازغان

«تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ تۈنجى بەتلىرىمۇ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتتىن باشلانغان. تارىخنىڭ ئانا بەتلىرىنى ئەپسانە ـ رىۋايەتتىن باشلاش دۇنيادىكى بىر قىسىم ئەل ۋە قەۋملاردىكى ئۆزگىچە تارىخ قالدۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ قالغان. تارىخنىڭ ئانا بەتلىرىنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن باشلىنىشى بۇ ئۇلارنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە ئامراقلىقى ياكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى ئىشەنچلىك تارىخ دەپ قارىغانلىقىدىن بولماستىن بەلكى ئامالسىزلىقتىن، قەۋمنىڭ تارىخنى ئەپسانا ـ رىۋايەتلەردىنمۇ ئىشەنچلىك رەۋىشتە يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان بىر مۇتىۋەر تارىخىي ماتېرىيالنىڭ يوقلۇقىدىندۇر. گەرچە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئاغزاكى يوسۇندا تارقىلىش جەريانىدا بەلگىلىك تارىخىي چىنلىقنى ئۆزىگە يۈكلىگەن بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر ئەپسانە ـ رىۋايەت، ھەرگىزمۇ يازما تارىختەك ئىشەنچلىك ئەمەس ھەم يازما تارىخنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە سەل قاراشقا ۋە ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقا ھەم بولمايدۇ. ماكسىم گوركىي «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بىلمەي تۇرۇپ، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن.

ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە تارىخنىڭ ئانا بەتلىرىنى بىلىشتە ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە تايىنىپ قېلىشى، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىشى بۇ بىر ئامالسىزلىق. ناۋادا ئىنسانلاردا ئەجدادتىن ئەۋلادقا قالغان يازما تارىخى بولغىنىدا ئىدى ئەپسانە ـ رىۋايەتكە ئورۇن قالمايتتى. ئەنە شۇ يازما ماتېرىياللاردىن ئىشەنچلىك تارىخ سۈپىتىدە پايدىلىناتتى. ئەپسۇسكى نۇرغۇن قەۋملاردا ئەپسانە ـ رىۋايەت بار، ئەمما يازما تارىخ يوق، گەرچە ئىلگىرى بولغان بولسىمۇ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىرى ھەم بار.

بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن قەۋملار ئۆز تارىخىنى زامانداشلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدىن، ئارخېئولوگىيەلىك بويۇملاردىن ئىزدىمەكتە. بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەۋزەللىكى بولغىنىدەك كەمچىلىكى ھەم بار. ئۆزگە قەۋملار ئۆز خاتىرىسىدە باشقىلارنى ھېچقانداق ئىجابىي جەھەتتىن تىلغا ئالمايدۇ. بۇ خىل تارىخ ھامان بىر تەرەپلىمىلىك، يۈزەلىككە ئوخشاش خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەق ماددىي بۇيۇم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. ئەمما ئۇنى ھە دېگەندىلا تاپقىلى بولۇشى، ھەممە مىللەتنىڭ بولۇشى، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشىش ناھايىتى جاپالىق جەريان. ئۇنىڭدا ھەممىشە ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولۇشى ناتايىن. ئۇنىڭ بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي تارىخىدىن تولۇق ھەم تەپسىلىي مەلۇمات بېرەلىشى ھەم مۇمكىن ئەمەس. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتا نېمە تېپىلسۇن ئۇ شۇ مىللەتنىڭ مەلۇم ساھەدىكى مەدەنىيىتىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ، باشقا ساھەلەر بولسا سىر پېتى تۇرۇۋېرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئۆز تارىخىنى بىلىشتە ئەپسانە ـ رىۋايەت ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا تايىنىشى يازما تارىخ تولۇق بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ئامالسىز تاللىشى. ناۋادا مۇكەممەل يازما تارىخى بولغىنىدا ئىدى، ھەرقانداق مىللەت تارىخى ئەپسانە ـ رىۋايەت ۋە ئارخېئولوگىيەگە ئورۇن قالدۇرمايتتى. ھېچبولمىغاندا ئۇنى ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلىشتىكى قوشۇمچە ماتېرىيال سۈپىتىدىلا پايدىلىناتتى، ھەرگىزمۇ ھازىرقى بەزى مىللەتلەردەك ئۇنى ئۆز تارىخىنىڭ ئىشەنچلىك گەۋدىسى سۈپىتىدە پايدىلانمايتتى. ھەر قانداق بىر دەۋردە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلىك ۋاقتى ـ قەرەلىدە خاتىرىگە ئېلىنمايدىكەن مۇقەررەركى، ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەپسانىگە ئايلىنىدۇ. تارىخنىڭ ئەپسانىگە ئايلىنىشى ئۇنىڭ ئىشەنچلىك، ھۆججەتلىك قىممىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ۋاقتىدا خاتىرىلەنمىگەن تارىخ ئەپسانىگە، ئەستىن كۆتۈرۈلگەن ئەجداد «پەرۋانە»گە ئايلىنىدۇ.

### تارىخنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسى (رولى)

تارىخ نوقۇل ھالدا ئەجدادنىڭ ئەۋلادقا قالدۇرغان يادنامىسى، ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىسى، ئەجداد ئەنئەنىۋى كۆچىنىڭ ئەۋلادلارنى چۈشەپ قويۇشى ياكى ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىكلەرنى ئىدارە قىلىشى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەجدادنىڭ قېنى، ئەۋلادنىڭ جېنىدۇر؛ ئەۋلادلارنىڭ بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى يولىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇرانە چىراغتۇر. ئەجدادتىن ئىبارەت بۇ يىلتىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەۋلادلار مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالىغان.

تارىخ گەرچە ئەجدادلار تەرىپىدىن يېزىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغىنى ئەۋلادلارنىڭ مەنپەئىتى. ئەۋلادنىڭ ئەجدادى تارىخقا سەل قارىشى ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە سەل قارىغانلىقىدۇر، ئەجداد ئەۋلادقا جان بەرسە، تارىخ قان بېرىدۇ.

تارىخ قەدىمىيلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھېكمەت ۋە ئىبرەتكە تولغانلىقى بىلەن قىممەتلىكتۇر. تارىخنىڭ ھېكمەت ۋە ئىبرەتى ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەقەلەرنىڭ تەھدىتىگە يوشۇرۇنغان. ۋەقەلىكى ئۆتمۈشكە ئايلانغان تارىخنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئىبرەت ۋە ھېكمەت ئالغىلى بولىدۇ. ئەجدادلارنىڭ ئۆتمۈشتە يوقاتقانلىرى دەل ئەۋلادلارنىڭ بۈگۈن ئىزدەۋاتقانلىرىدۇر. تارىخنىڭ مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، قۇياشنىڭ يۈزى تۇتۇلسىمۇ تارىخ بىلگەن قوۋمنىڭ تىلى تۇتۇلمايدۇ.

ئەۋلادلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن يۈك - تاقلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەن يۈكتىنمۇ ئېغىر. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەۋلادلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. تارىخ ئەۋلادلار قەلبىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ ئەجدادلىرىنىڭ ھايات يولىدىكى مۇشەققەتلىرىنى، ياشاش ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلاردا پىداكارلىق روھىنىڭ يېتەكلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مىللەتنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى يۈكسىلىشى ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە پەن - تېخنىكىغا موھتاج بولۇپلا قالماستىن، تارىخقىمۇ موھتاج. كىشىلەر تارىخى ئارقىلىق ئەجدادلىرى ياراتقان ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى بىلەلەيدۇ، ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلالايدۇ ۋە ئۇلاردىن ھالقىيالايدۇ.

تارىخ ئارقىلىق «بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز نوقۇل مەنىدىكى ‹قەدىمكىگە سېغىنىش› ئەمەس. شۇنىسى ئېنىقكى، بىز ئۆتمۈشكە قايتمايمىز، بىراق ئۆتمۈشنى ۋە ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان روھىي جەۋھەرلىرىنىمۇ ئۇنتۇمايمىز. بىز ئۆتمۈشنى دەسسەپ تۇرۇپ بۈگۈننى قۇرغانلىقىمىزنى، بۈگۈننىڭ نەتىجىسىدە كەلگۈسىنى پەرەز قىلغانلىقىمىزنى ئەجەبا ئىنكار قىلىمىزمۇ؟ بىر تۈپ دەرەخ ئۈچۈن ئۇنىڭ توپا ئاستىدىكى يىلتىزى قانچىلىك مۇھىم بولسا، بىز ئۈچۈن بىزنىڭ ئەسلىمىز، نەسلىمىز، ئېتىقادىمىز ۋە ئۈمىدلىرىمىز كۆمۈلگەن يىراق ئۆتمۈش شۇنچىلىك مۇھىمدۇر. ئېنگلىس تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن پەخىرلەنگۈدەك ئەجدادى، ئۈمىد كۈتكۈدەك ئەۋلادى يوق ‹خېچىر› بولۇپ قېلىش نەقەدەر بىچارىلىك - ھە!» [13]

تارىختىن مەلۇمكى، قەدىمدىن ھازىرغىچە تارىخ ياراتمىغان قوۋم بولمىغان. ھالبۇكى تارىخى ساقلىنىپ قالغان قوۋم ناھايىتى ئاز بولغان. تارىخنىڭ ئۇنتۇلۇشى ماھىيەتتە ئەجدادنىڭ ئۇنتۇلۇشى، ئەجداد روھىنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەجدادنى ئۇنتۇش خىيانەت، تارىخنى ئۇنتۇش جىنايەتتۇر. ئەجداد روھى ھامان ئەۋلادقا كۈچ ، ئەقىل - پاراسەت ، ئۆملۈك - ئىناقلىق ئاتا قىلىدۇ، بۈگۈنكى دۇنيادا ئالغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئەجداد روھىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئېينىشتېين مۇنداق دەيدۇ: «ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆز ئېلىڭلاردا بەزى ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئۆتكەنلىكى بىلەن ماختىنىپ خۇدۇڭلارنى يوقىتىپ قويماڭلار. ئۇ، سىلەرنىڭ تۆھپەڭلار ئەمەس. لېكىن سىلەر ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغىنىڭلارنى، ئۇلارنىڭ تەلىمىگە قانداق ئەمەل قىلغىنىڭلارنى ئويلاپ باققىنىڭلار تۈزۈك». [14]

تارىخنىڭ ئۈزۈكچىلىكى ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈكچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تارىخ دەل مانا شۇ ئۈزۈكچىلىككە خاتىمە بەرگۈچى، ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى رىشتىنى ئۇلىغۇچىدۇر. بىر قوۋمنىڭ يازما تارىخ جەھەتتىكى ئۈزۈكچىلىكى قارىماققا كىچىك ئىش، ئەمەلىيەتتە چوڭ ئىش. بۇ خىل ئۈزۈكچىلىك ئۆز نۆۋىتىدە ئەۋلادنى ئەجداد ھەققىدە بىلىشتىن، ئەجدادنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلاردىن ھالقىشتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ. تارىخ ئەۋلادنىڭ ئەجدادلىرى مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئەينىكىدۇر. «تارىخ — ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ راۋان ئېقىمى بولۇپ، تارىختا ئايلانمايدىغان ھېچقانداق ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسە مەۋجۇت ئەمەس. يالغۇز ئەينى زامانىنىڭ ئاچچىق رېئاللىقىلا تارىختا ئايلىنىپ قالماستىن، يەنە ئەينى زامانىنىڭ شېرىن كەلگۈسىمۇ تارىختا ئايلىنىدۇ.»[15]

قەدىمدىن بېرى ئۆتكەن تارىخشۇناسلارنىڭ ھەممىسى سىياسىيون بولمىغىنى بىلەن سىياسىيون، ھەربىي ئا-

لىملارنىڭ ھەممىسى تارىختىن مول ئوزۇق ئالغان. بۇنىڭ تىپىك مىسالى ماۋ زېدۇڭدۇر. ماۋ زېدۇڭ ئىنقىلاب يىللىرىدىكى ئەڭ مۇشكۈل، ئوڭۇشسىز شارا- ئىتلارنى ئۆزگەرتىشتە جۇڭگونىڭ كىلاسسىك تارىخي ئەسەرلىرى بولغان «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇن زىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى»نى ئوقۇپ ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىغان. «پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى بۈگۈن ۋە كەلگۈسىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانىيەت تارىخىدا بارلىققا كەلگەن بىلىم ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى. ئۆزىمىزنىڭ قىممەت- لىك مىراسلىرىنى ئورتاق خەزىنىگە تەقدىم قىلىشىمىز لازىم.» [16]

دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، فېئودالىزم ۋە كا- پىتالىزم جەمئىيىتىدە يېزىلغان، بىز كۆرۈۋاتقان بەزى تارىخ كىتابلارنىڭ نامىلا «تارىخ»، ئەمەلىيەتتە ئۇ سەل- تەنەت ئىگىلىرىنىڭ سىياسىي مەنپەئىتى ۋە تارىخ يازغۇ- چىنىڭ شەخسىي مۇددىئاسىنى چىقىش قىلىپ يېزىلغان بولسا ئۇنىڭدا نە ئىلمىيلىك، نە چىنلىق بولمىسا، بۇ خىل تارىخنىڭ ئەۋلادلارغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى پايدىسىدىن كۆپ.

قەدىمدىن ھازىرغىچە ئاۋامنىڭ مەدھىيە - ماختىشىغا سازاۋەر بولغان تارىخشۇناسلار قانچىكى كۆپ بولسا، ئاۋامنىڭ لەنەت - نەپرىتىگە دۇچار بولغان تارىخشۇناس- لارمۇ شۇنچىلىك كۆپ بولغان. شۇنداق بولغاچقا دۇنيادا ئەڭ كۆپ ماختالغۇچى ھەم لەنەتلەنگۈچى تارىخشۇناس- تۇر. ئۇنىڭ پاكىتنى يېزىشى مەدھىيەگە ئىگە قىلسا، پا- كىتنى بۇرمىلىشى لەنەتكە دۇچار قىلىدۇ.

### تارىخي شەخسلەرگە باھا بېرىش مەسىلىسى

تارىخ ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى شۇكى، ئۆلۈكلەر ئۈستىدە توغرا يەكۈن چىقارماي تۇرۇپ، تىرىكلەرنىڭ ھايات يولىنى يورۇتقىلى بولمايدۇ. تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، ناھايىتى يەكلەتكىلىك بىلەن كىملەرگىدۇر قەھرىمانلىق تونىنى كىيگۈزدۇق، يەنە كىملەرنىڭدۇر يۈ- زىگە خائىن، ئاسىيلىق قارىسىنى سۈرتتۇق، بۇنىڭدا كۆپرەك تايانغىنىمىز ئەقلىيلىكتىن كۆرە ھېسسىيات ئىما- لى بولۇپ كەلدى. ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە تارىخي شەخسلەرگە بېرىلگەن باھا ئەقىل رول ئوينىغاندا كۆچىنى قالىدۇ. باھايىمىزنىڭ تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەر- داشلىق بېرىش - بېرەلمەسلىكى، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى

ئاساس قىلغان - قىلمىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي نوقۇل باھا بېرىشكىلا ئەھمىيەت بەردۇق، نەتىجىدە بىلىپ - بىلمەيلا ئاۋام نەزەرىدىكى قەھرىمانلىقنىڭ شەرىپى، خا- ئىنلىقنىڭ نومۇسنى تۆۋەنلىتىۋەتتۇق.

بىز بىر مەھەل سىيىت نوچىنىڭ مەردۇ - مەردانىلىق- نى مەدھىيەلەپ داستان - قوشاقلار توقۇدۇق، ناخشىلار ئوقۇدۇق. يەنە بىر زاماندىن كېيىن سىيىت نوچىنى ناداد- لىق ۋە ساۋاتسىزلىقنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە ئەيىبلىدۇق. ھەقىقەتەن سىيىت نوچىنىڭ خاراكتېرىدە مەردۇ - مەردا- نىلىك ۋە نادانلىق بار. ئۇنىڭ مەردلىكى نەدىن كەلگەن؟ ئاتا - ئەجدادىمىزدىن كەلگەن. چۈنكى، ئۇنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى ئەجدادىمىزنىڭ قېنى، جىس- مىدا (مەۋج ئۇرۇۋاتقىنى) ئەجدادىمىزنىڭ روھى ئىدى. سىيىت نوچىنىڭ ساۋاتسىزلىقى ۋە نادانلىقى ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى. سىيىت نوچىنى نادانلىقتا ئەيىبلىگۈ- چىلەر سىيىت نوچى ياشىغان دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە ئىج- تىمائىي مۇھىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. ھۆكۈمرانلار خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن دەۋردە ياشىغان سىيىت نوچىنىڭ ساۋاتسىز ۋە نادان قال- غانلىقىدىن ئەجەبلەنمىگۈلۈك. ئومۇمىيۈزلۈك جاھالەت ۋە نادانلىق ئەۋج ئالغان دەۋردە ياشىغان كىشىدە شۇ دەۋرنىڭ روشەن تامغىسى بولىدۇ.

تارىخي ۋەقە ۋە شەخسلەرگە باھا بەرگەندە، كى- شىلەر بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئەينى دەۋردى- كى ۋەقە ۋە شەخسلەرگە باھا بېرىشتىن ساقلىنىش، بۈ- گۈنكىلەر ئۆز ئىدىيىسىنى ھەرگىزمۇ قەدىمكىلەرنىڭ قاقشال سۆڭەكلىرىگە كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنماسلىقى كېرەك.

تارىخي شەخسلەرگە باھا بېرىشتە تارىخي شەخس ياشىغان زامان ۋە ماكانى، ئىجتىمائىي مۇھىتنى نەزەر- دىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەر بىر تارىخي شەخس ئۆز دەۋرىنىڭ ئەركىسى ياكى مەھبۇسى. ئۇنىڭ دەۋر ئاتا قىلغان خىسلەت، ھېكمەت ياكى ئىللەتلەردىن تاما- مەن مۇستەسنا بولغان باشقىچە بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەر بىر تارىخي شەخس ئۆزى ياشى- غان دەۋرنىڭ تارىخي چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالماي- دۇ. مەلۇم بىر دەۋر كىشىلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئالاھىدىلىكلەرنى ئارتۇقچىلىق دەپ مەد- ھىيەلەش، كەمچىلىك دەپ تەنقىدلەشتىن ھەزەر قىلماق

كېرەك. تارىخىي شەخس قانچىكى مۇرەككەپ بولسا، مۇرەككەپ تارىخىي شەخسلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان تارىخ ھەم شۇنچىلىك مۇرەككەپ بولىدۇ. تارىخىي شەخسلەرنى كونكرېت تارىخىي شارائىتتىن ئايرىلغان ھالدا باھا بېرىش، قەدىمكىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇش بولماستىن، بەلكى قەدىمكىلەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ قويغانلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىخىدا ياشىغان تارىخىي شەخسلەر ئىچىدە باھا بېرىلگەنلەر قانچىكى كۆپ بولسا، باھا بېرىلمىگەنلەر، خاتا باھا بېرىلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. خاتا باھالارنى تۈزىتىش، باھا بېرىلمىگەنلەرگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىش تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇقەددەس مەسئۇلىيەت. شۇنى بىلىش كېرەككى، تارىخقا ۋە تارىخىي شەخسلەرگە نىسبەتەن ئوبيېكتىپ بولمىغان باھانىڭ بېرىلگىنىدىن بېرىلمىگىنى ياخشى.

مەيلى قەدىمدە ياكى ھازىر بولسۇن، مەيلى جۇڭگودا ياكى چەت ئەلدە بولسۇن ئاۋام ئېتىراپ قىلغان تارىخىي شەخسلەرگە باھا بېرىش ئۆلچەم - پرىنسىپى مەيدانغا كەلگىنى يوق. تارىخشۇناسلارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلغىنى بولسا «كونكرېت تارىخىي شەخسكە كونكرېت باھا بېرىش» بولدى، ئەۋلادلارنىڭ باھالىرى ھەم بۇ دائىرىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ ئەلۋەتتە.

### ھەر بىر كىشى ئۆز ئالدىغا بىر تارىخشۇناس

ئەجداد تارىخ قالدۇرۇشقا ئېتىبار بەرسە، ئەۋلاد تارىخ ئوقۇشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەۋلادلار تارىخ ئارقىلىق نېمىگە ئېرىشىپ نېمىنى يوقاتقانلىقىنى؛ ئەجدادلىرىدىن قايسى جەھەتتە ھالقىپ، قايسى جەھەتتە كەينىدە قالغانلىقىنى؛ بۈگۈن قانداق ياشاۋاتقان ۋە كەلگۈسىدە قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلەلەيدۇ. يازما تارىخى يوق قوۋم پەن - تېخنىكىدا قانچىلىك ئالغا كەتسۇن، ئىقتىسادى قانچىلىك يۈكسىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ مەنىۋى جەھەتتە يەنىلا غېرىب قوۋمدۇر. ئاۋامنىڭ جانلىق پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلەپ قويىدىغان خەلقنىڭ بىر تارىخچىسىنىڭ مەيدانغا چىقماسلىقى شۇ قوۋم ۋە ئەۋلادلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، تارىخنى ئۇنتۇغان قوۋم تارىخ تەرىپىدىن ئۇنتۇلىدىغان قوۋمدۇر.

ھەرقانداق بىر قوۋمغا نىسبەتەن يازما تارىخى بار بولغان ئەھۋالدا تارىخ ئوقۇش - ئوقۇماسلىق مەسئۇلىيىتى ئەۋلادلاردا بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەۋلادىغا ئوقۇغۇدەك تارىخ قالدۇرماسلىق مەسئۇلىيىتى ئەجدادتا بولىدۇ. پارلاق تارىخ قەغەز يۈزىگە ئېلىنمايدىكەن، ئۇنىڭ نۇرانە يۈزىنى چاڭ - توزان باسماي قالمايدۇ. ئەجدادلار تارىخىنىڭ يۈزىنى چاڭ - توزان باسسا، ئەۋلادلار روھىي غەپلەت باسىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئەل ۋە قوۋملارنىڭ يىل تەرتىپى بويىچە ئۈزۈلمەي يېزىلىپ كەلگەن تارىخى يوق. ئۇلار بارلىققا كەلتۈرگەن تارىخ كۆپ ھاللاردا بۈگۈنكىلەرنىڭ ئارخېئولوگىيەگە تايىنىپ روياپقا چىقارغان نەرسىلىرىدۇر. نۇرغۇن قوۋملار تارىخىنىڭ ئانا بەتلىرىنى يېزىشتا ئۇنداق ياكى مۇنداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكتىن ئامالسىز ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە، باشقا قوۋملار يازغان تارىخلارغا مۇراجىئەت قىلغان. ھازىرمۇ ھېلىھەم ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر ھەققىدە ئىشەنچلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە سەل قاراۋاتقانلار بار. بىلىش كېرەككى، تارىخ قانداق بىلىپ - بىلمەي يۈز بەرگەن بولسا شۇنداق بىلىپ - بىلمەي ئۇنتۇلىدۇ. ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادى تارىخىنىڭ ئانا بەتلىرىنى ئۇنتۇشىدا ئەجدادلار قانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئەۋلادلار ھەم ئۆزى ياشىغان دەۋردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى خاتىرىلىمەسلىك بىلەن ئەجدادلىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارنى تەكرارلىسا بولمايدۇ. تارىخ سۈپىتىدە خاتىرىلەشكە، ئەۋلادلارغا نەمۇنە ۋە يادىكار قىلىپ قالدۇرۇشقا ئەرزىگۈدەك ئىشلارنىڭ يۈز بەرمەسلىكى، بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنتتا تارىخ يۈز بېرىدۇ. تارىخنى بايقايدىغان كۆز ۋە خاتىرىلەيدىغان دىتلا بولىدىكەن يېزىشقا تېگىشلىك تارىخ چوقۇم بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەر بىر قەدىمى ئىزسىز ئۆتمىگەندەك، بۈگۈنكىلەرنىڭ قەدەملىرىمۇ ھەم ئىزسىز ئۆتمەيۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا يېزىشقا، خاتىرىلەشكە تېگىشلىك ئىشلار چوقۇم بار دېگەن گەپ. ئۇنداقتا خاتىرىلەيدىغانلارچۇ؟ ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرغاندا بۈگۈن تارىخ خاتىرىلەيدىغانلار ھەققەتەن كۆپ. ئەمما تارىخنى ھېسسىيات ۋە باشقا مۇددىئالاردىن خالىي ھالدا چىنلىق بىلەن خاتىرىلەيدىغانلار يەنىلا ئاز. كۆپلىگەن تارىخ خاتىرىلىگۈچىلەرنىڭ مېتودى يەنىلا ئەنئەنىۋى بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ئەمەس. شەخسىي كۆز قارىشى ۋە ھېسسىياتىنى تارىخ ئورنىغا دەسسىتىشتىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا ئەمەس. بۇ بۈگۈنكى

كۈندە گەرچە تارىخ ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىۋاتقانلار بار بولسىمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا چىنلىق بىلەن تارىخ يېزىۋاتقانلارنىڭ يەنىلا ئاز ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھەرقانداق مىللەت يازما تارىخ قالدۇرمايدىكەن شۇ مىللەت ئەۋلادلىرى ئەجدادى ھەققىدە توغرا بىلىشنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ يوقاتقىنى نوقۇل تارىخ بولماستىن ئەجداد روھى بولىدۇ.

دېھقانلار مىللەتنىڭ تائام مەسىلىسىنى، ھۈنەرۋەنلەر تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى زىممىسىگە ئالغان. زىيالىيلارغا قالغىنى مىللەتنىڭ ئىدېئولوگىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلىشتۇر. ئەۋلادنىڭ ئەجداد تارىخنى بىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ زىيالىيلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مەسئۇل بولمىغان زىيالى، تۇخۇم بېسىپ چىقارغان چۈجىسىگە ئىگە بولمىغان مېكيانغا ئوخشايدۇ. ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادى تارىخىغا بولغان ئېھتىياجى قاغجىرىغان زېمىننىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىدىنمۇ ئارتۇق. شېئىر، ھېكايە، رومان ئۈچۈن تەۋرىتىلگەن قەلەمنىڭ بىر قىسمىنى تارىخ ئۈچۈن تەۋرىتىش زۆرۈر. تارىخ بىز ئەۋلادلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك «ئۇنتۇلغان زونا» بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. «تارىخ كىتابىڭ بارمۇ؟» دېگەن سوئالغا «تارىخي رومانىم بار» دېگەن جاۋابنى بېرىپ، ئا Q چە روھ بىلەن تارىخي رومانلىرىمىزنىڭ سانى، سۈپەت - سەۋىيەسى بىلەن ماختىنىپ يۈرۈشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. بىزدىن ئەۋلادلارغا تارىخ قالسۇن، ئەۋلادلار تارىخ ئوقۇيدىغان ۋە بىلىدىغان بولسۇن. ھازىرغىچە قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئەدەبىيات تارىخىمىز كىتاب سۈپىتىدە يېزىلدى. ھالبۇكى قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئىدىيە تارىخى، پەن - تېخنىكا تارىخى، ئىقتىساد تارىخى ۋە سىياسىي تارىخي يېزىلمىدى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى نوقۇل ئەدەبىيات تارىخىلا ئەمەس، ئەدەبىيات تارىخى مەدەنىيەت تارىخىغا باراۋەر ئەمەس. ئەۋلادلارغا نىسبەتەن مىللەت ئومۇمي گەۋدىسىنىڭ بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن تارىخىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيە، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تېبابەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق شاخچە تارىخلىرىنى بىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ئانچە چوڭ بولمايدۇ. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتنىڭ ئومۇمي تارىخي ئىچىگە تەبىئىي يوسۇندا يۇغۇرۇلغان بولىدۇ.

ئايال كىشى ھەرقانچە چىۋەر بولسىمۇ خۇرۇچ بولمىسا ئوخشىغان تائام ئېتەلمىگىنىگە ئوخشاش، ئىشەنچلىك تارىخي ماتېرىياللار بولمىغىنىدا ھەرقانداق كىشى قىممەتكە ئىگە بولغان نادىر تارىخي ئەسەرنى يېزىپ چىقالمايدۇ.

تارىخنى خان - پادشاھلار ياراتقان ئەمەس، ئۇنى ئاۋام ياراتقان. مەيلى قايسى دەۋردە بولمىسۇن خان - پادشاھلار ھامان ئاز سانلىق بولۇپ كەلگەن. ئاز سانىدىكى ئادەملەرنىڭ تارىخ يارىتالىشى مۇمكىن ئەمەس بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تارىخ خاتىرىلەش ھوقۇقىنى ئىزچىل ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ كەلگەن، ئەكسىچە تارىخ ياراتقان ئاۋام ئۆز تارىخىغا ئۆزى ئىگە بولالمىغان.

بىر ئۇلۇغ تارىخي ئەسەر نوقۇل ئۇلۇغ ئەربابلار تەرجىمىھالىنىڭ جۇغلانمىسى بولماستىن، بەلكى خەلق ئاممىسى پائالىيىتىنىڭ ھەققىي خاتىرىسىدۇر. ئەمەلىيەتتە ئوردا تەرىپىدىن تۈزۈلگەن تارىخنامىلەردە تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاۋامنىڭ تارىخى ئانچە خاتىرىگە ئېلىنمىغان. ئادەتتىكى كىشىلەرلا ئەمەس ئاۋامنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان، شۇ دەۋرنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى سەركىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يازما تارىخنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان. ھەر بىر دەۋردىكى مەسئۇلىيەتچان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى خان - پادشاھلاردىن تۆۋەن تۇرمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار شۇ جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى بولغان پادشاھ - ۋەزىرلەر تەرىپىدىن سەل قارىلىپلا قالماستىن، تارىخشۇناسلار تەرىپىدىنمۇ سەل قارىلىپ، نۇرغۇن تۆھپىكار ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ نامى تارىختا خاتىرىلەنمىگەن. تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇشبۇ سەۋەب تۈپەيلى دۇنيادا ئۇنتۇلغان ۋە تالاش - تارتىشتا قالغان ئالىم، پەيلاسوپ، ئەدىبلەرمۇ ئاز ئەمەس.

قەدىمدە تارىخنى كۆچلۈكلەر تۈزۈپ - ئەلەم بىلەن يازسا، ئاجىزلار قەلەم بىلەن يازغان؛ كۈچلۈكلەر تارشا - پۈتۈك، تېرە، قەغەزگە يازسا، ئاجىزلار يۈرىكىگە يازغان. شۇ سەۋەبتىن تارشا - پۈتۈكلەرگە يېزىلغان تارىخ ساقلىنىپ قالغان، يۈرەككە يېزىلغان تارىخ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادىدىن ياتلىشىشى نەتىجىسىدە ئۇنتۇلغان.

بۇ كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «تارىخنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ» دېگەن ھېكمەت بولۇپ

يوكلەنگەن. بۇ سۆزنىڭ زامانداشلىرىمىزغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ھەقىقەتەن تەۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، تارىخ ھەققىدە سۆز بولسىلا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئەڭ بۇرۇن چىقىدىغىنى مۇشۇ سۆز بولىدى. بۇ سۆزنىڭ كىشى-گە بېرىدىغان ئەجابىي تەسىرىدىن سەلبىي تەسىرى ئېشىپ كەتتى. ئىنسانلار تارىخىدا ھەقىقەتەن كۆچلۈكلەر تارىخنى ئاجىزلارنىڭ دۇمبىسىگە يازغان تارىخ بولغان. ئەمما بۇ «بۈگۈنمۇ، كەلگۈسىدىمۇ، مەڭگۈ شۇنداق بو-لىدۇ»غانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ سۆز كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىن كېيىنكىلەرگە ئەستىلىك قالدۇرۇشقا توسقۇن بولۇپ قالماسلىقى، تارىخقا بىپەرۋالارچە ئۇمىدسىز مۇئا-مىلە قىلىشنىڭ باھانىسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. مەس-ئۇلىيەتچان تارىخشۇناس خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى، خۇ-شاللىق - قايغۇسى، ئېرىشكەن - يوقاتقانلىرىنى يازىدۇ. تارىخ ئارقىلىق ئەۋلادلىرىنى ئەجدادى ھەققىدە مۇكەم-مەل بىلىشكە ئىگە قىلىدۇ.

«ئەگەر كىشى ۋولقان ئېتىلىپ ئۆز يېرىنى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىغا ئوخشاش پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەرنى كۆرسە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ قالدۇرۇشى كېرەك. ئەگەردە ئۇ ھېكايە سۆزلىرىنى قەلەم ئۇچى بىلەن تىزىش سەنئىتىدىن خەۋەرسىز بولسا، ئۆز ئەستە-لىكلىرىنى تەجرىبىلىك بىر قەلەمكەشكە سۆزلەپ بېرىشى كېرەك. قەلەمكەش بۇنى ياخشى قەغەزگە يېزىپ، نەۋرە - چەۋرىلىرىگە قالدۇرسۇن. ئاجايىپ ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن تۇرۇقلۇق بۇ ھەقتە سىر ساقلاپ ئۆتۈپ كەتكەن كىشى، ئۆلۈمنىڭ سوغ قوللىرى بېشىغا تېگىپ تۇرغان ھالىتىدە خۇددى قىممەتلىك بۇيۇمنى چاپانغا ئوراپ چوڭقۇر يەرگە كۆمۈۋەتكەن بېخىل ئادەمگە ئوخشايدۇ» [17]

بىر مەسئۇلىيەتچان تارىخشۇناس مېھنىتى ئارقىلىق ئاممىباب تارىخ يېزىپ، خەلقى ئارىسىدا تارىخ ساۋاتلىرى-نى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئېتىبار بېرىدۇ. ھەرگىزمۇ ئاتال-مىش «ئىلمىي ئەسەر» ئارقىلىق ئوقۇرمەننى تارىخنىڭ چۆل - جەزىرىسىگە باشلاپ كىرىپ قايمۇقتۇرمايدۇ. تارىخ يېزىش — تارىخشۇناسلىقنى بىلىشنىلا تەلەپ قىلىپ قالماستىن، تارىخ خاتىرىلىگۈچىدىن ھەقىقەتنى ئە-مەلىيەتتىن ئىزدەش، ئەجدادىغا تەقۋا بولۇش، ئەۋلادىغا مەسئۇلىيەتچان بولۇشنى، ئۆز نۆۋىتىدە ھەر بىر تارىخ خاتىرىلىگۈچىدىن ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تەلەپ قىلىدۇ. تارىخ خاتىرىلىگۈچى تارىخىي ۋەقەلەر-نىڭ يۈزە ھالىتىنىلا كۆرۈپ، ماھىيەتنى كۆرمەسلىكتىن ساقلىنىشى لازىم. نۇرغۇن تارىخىي ھادىسىلەرگە ماھى-يەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ماھىيەتنى كۆرۈش ھادىسىنى كۆرۈشتىن مۇشكۈل. ناۋادا تارىخ خاتىرىلىگۈچى ھادى-سىنى كۆرۈپ ماھىيەتنى كۆرمىسە؛ تارىخىي ۋەقەلەر ئوت-تۇرىسىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر چۈ-شەنمىسە، ئۇنىڭ يازغان ئەسىرى تارىخىي ئەسەر بولغان تەقدىردىمۇ ساقلاش ۋە پايدىلىنىش قىممىتى بولمايدۇ. تارىخنى ھەر تەرەپلىمە ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىش كېرەك. تارىخىي ھادىسىلەر سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈككە ئوخشايدۇ. ئۇ ئاسان كۆزگە چېلىقىدۇ، ئۇ قانچە تېز پەيدا بولسا شۇنچە تېز يوقىلىدۇ. ئەمما ماھىيەت ئۆز-گەرمەيدۇ، بۇ ھەر بىر تارىخ خاتىرىلىگۈچىلەر ئۇنىۋېر-سال كۆزىتىش ئىقتىدارى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تارىخ ئاق قالغان قوۋمنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ كۆزد-دىن ياش ئاقسا، ئەۋلادلىرىنىڭ كۆزىدىن قان ئاقىدۇ، تارىخ كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ، ئاجىزلارنىڭ نالە - پەر-ياتلىرىغىمۇ قۇلاق سالمايدۇ.

تارىخ ياراتقان قوۋم ئىچىدە تارىخنى سۆزلەپ بې-رىدىغان كىشى بولسۇن، تارىخنى مەخسۇس يېزىپ خاتى-رىلەپ ماڭىدىغان ئادەم بولسۇن، شۇندىلا تارىخ يارات-قان قوۋمنىڭ تارىخى ئۇنتۇلمايدۇ، ئەجدادنىڭ تارىخنى ئەۋلاد ئۇلاپ ماڭىدۇ. ئەجداد ئالەمدىن ئۆتسىمۇ ئۇنىڭ روھى ئەۋلاد قەلبىدە مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ.

موللا مۇسا سايرامى تارىخ ئىلمى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «تارىخ ئىلمى ناھايىتى زۇرۇر بىر ئىلىم بولۇپ، ھەممە پەنلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى ئوقۇتۇش ۋە تارىختىن خەۋەر-دار بولۇش ئىنسان ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشتۇر. بۇ پەننى بىلىدىغانلار خالايىق نەزەرىدە ئۇلۇغ ھېسابلە-نىپ، سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىلەردە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى بىلمەيدىغانلار ياكى ئۇ-نىڭدىن بىخەۋەر كىشىلەر گەرچە قانچە يۇقىرى مەرتىۋى-گە يەتكەن بىلەنمۇ، ئۇلار ئالىملارنىڭ ئالدىدا يەنىلا نەزەر ۋە ئېتىباردىن يىراقتۇر. تارىخنىڭ پايدىسى تولا، مەنپەئەتى كۆپ بىر ئىلىم. چۈنكى، ئادەملەرنىڭ دەرىجە ۋە تەبىقىلىرى، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان ياكى ۋاپات بولغان چاغلىرى، خۇلقى ئەخلاقى، ياشايدىغان جاي ۋە ماكانلى-

رى، ئاۋات قىلغان شەھەر ۋە زېمىنلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تارىخ ئىلمىنىڭ ياردىمى بىلەنلا بىلگىلى بولىدۇ» [18].

تارىخ يۈز بەرگەن ۋاقىت تارىخ خاتىرىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتىدۇر. ھالبۇكى، قەدىمدىن ھازىرغىچە تارىخ يۈز بەرگەن ۋاقىت ۋە ئورۇن تارىختىقا ئەڭ ئېتىبارسىز قارىلىدىغان ۋاقىت ۋە ئورۇن بولۇپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن تارىخ يۈز بەرگەن ۋاقىت بىلەن تارىخ خاتىرىلەنگەن ۋاقىت ئەزەلدىن تەتۈر تاناسىپ بولۇپ كەلدى. ئادەتتە تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان چاغدا، كىشىلەر «بۇ ھەممىگە ئايانغۇ، بۇنى خاتىرىلەشنىڭ نېمە ھاجىتى» دەپ قارايدۇ. تارىخ ئەنە شۇ ھەممىگە ئايان ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، ۋەقەنى ھەممە ئادەمنىڭ بىلىشى تارىخ خاتىرىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى. چۈنكى، ئۇنىڭدا ھەممە ئىش ئېنىق بولىدۇ. ئەقلىي قىياس ۋە پەرەزنى تارىخ ئورنىغا دەسسىتىش ھاجەتسىز. تارىخنىڭ ماھىيىتى ئەنە شۇ ھەممە بىلىدىغان ۋەقەلەرنىڭ تەھدىتىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھەممە بىلىدىغان ۋەقە بولغاچقىلا تارىخ بولىدۇ. ھېچكىم بىلمەيدىغان نەرسىنىڭ چىن تارىخ بولۇشىدىن توقۇلما بولۇشى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشىدىن بولماسلىقى چوڭراقتۇر.

ھەممىگە ئايان تارىخ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنتۇلۇشقا باشلىنىدۇ. تارىخ يۈز بەرگەن ئورۇن، ۋاقىت، ۋەقەنىڭ جەريانى ئەستىن كۆتۈرۈلگەن، قاتناشقۇچىلار، شاھىتلار ئالەمدىن ئۆتكەن، تارىخ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان، ھەقىقىي تارىخنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت تۇمان قاپلىغان چاغدىلا كىشىلەر ئەس-ھوشىنى يىغىپ، ئۇنى خاتىرىلەپ قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يېتىدۇ-دە، دەرھال قولىغا قەلەم ئالىدۇ. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە تارىخ يۈز بەرگىنىگە نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە 100 يىللار بولغان بولىدۇ. ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ قولىدا ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىكرەك تارىخىي ماتېرىيالنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇشبۇ ئەسەر 1-قول ماتېرىيال بولۇپ قالىدۇ.

بىر قىسىملارنىڭ تارىخ سۆيتىدە ئوقۇغىنى ئۇرۇش، بىلگىنى ئۇرۇش بولغانلىقتىن تىنچ دەۋرلەردە مۈگدەك باسقان نېرۋىلىرى ئالەم مالىمانچىلىققا تولغاندىلا ئويغىنىدۇ. گويا تارىخ خاتىرىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك، پەقەت مالىمانچىلىق دەۋرنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، جەمئىيەت مالىمانچىلىققا تولغان، يىغلىق قاپلىغاندا قولىغا قەلەمنى ئالىدۇ. ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يازما تارىخنىڭ پەقەت كىچىككىنە بىر تەرىپى، خالاس. ئۇ تارىخنىڭ ھەممىسى ئەمەس. خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە ۋەقەلەر كىشىلەر نەزەرىدىكى ئېتىبارسىز قارالغان تىنچ دەۋرلەردە يۈز بېرىدۇ. ھالبۇكى، بۇنى بايقىيالمايدىغانلار بايقىيالايدىغانلاردىن كۆپ. شۇ ۋەجىدىن قەدىمدە پۈتۈن سۇرۇك بىر دەۋر، بىر قانچە ئەسىرلەرنىڭ تارىخى ئاق قالغان. تارىخ بەتلىرىنىڭ ئاق قېلىشى خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە ۋەقەلەرنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنى بايقايدىغان كۆز، يازىدىغان كىشىنىڭ بولمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كىشىلەر ئادەتلەنگەن قاراش بويىچە بۈگۈن خاتىرىلەشكە تېگىشلىكنى ئەتە خاتىرىلەيدۇ، ئەتە خاتىرىلەشكە تېگىشلىكنى ئۆگۈنلۈككە خاتىرىلەيدۇ. بۇ يىل خاتىرىلەشكە تېگىشلىكنى كېلەر يىلى خاتىرىلەيدۇ. قاچانلا بولسۇن تارىخ يۈز بەرگەن ۋاقىت بىلەن خاتىرىلەنگەن ۋاقىتتا بەلگىلىك ئارىلىق قالدۇرىدۇ. دۇنيا تارىخىغا نەزەر سالساق شۇنى بىلەلەيمىزكى، تارىخ يۈز بەرگەن ۋاقىت بىلەن تارىخ خاتىرىلەنگەن ۋاقىت ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ يېزىلغان تارىخ مۇتلەق كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر تەرىپىدىن ئەڭ ئىشەنچلىك، 1-قول ماتېرىيال ۋە مۆتىۋەر تارىخ دەپ قارالغان «تارىخنامە»لەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھامان تارىخ يۈز بەرگەن ۋاقىتتىن نەچچە ئون، نەچچە 100، 1000 يىللار كېيىن بولغان. تارىخ قەدىمدە ئەنە شۇ يوسۇندا خاتىرىلىنىپ بارغان. ھازىرمۇ زامانىمىزدا بۇ ئەھۋالدا ئانچە ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. كىشىلەرنىڭ تارىختىقا بولغان سەل قارىشى، پەرۋاسىزلىقى قەدىمدە قانداق بولغان بولسا، ھازىرمۇ ئاساسەن شۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

بىزدە «پالانى چاغدا مۇنداق-مۇنداق ئىشلار بوپتىكەن» دەپ ئېغىزدا سۆزلەيدىغان، سورۇنلاردا مۇلاھىزە ۋە مۇنازىرە قىلىدىغانلار كۆپ. ئەكسىچە ئەنە شۇ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا چىنلىق بىلەن خاتىرىلەپ قويىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ئۇيغۇرلارغا كېرەك بولغىنى تارىخنى ئې-

غىزدىلا سۆزلەيدىغانلار بولماستىن قولىغا قەلەم ئېلىپ يازالايدىغان كىشىلەردۇر. تارىخنى بىلمەيدىغان — بۇ خىل بىلمەسلىك يېشىنىڭ كىچىكلىكى، تارىخ يۈز بەرگەن جايدا بولماسلىقىغا ئوخشاش سەۋەبلەردىن بولسا بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇلارنى بەكمۇ ئەيىبلەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما تارىخنىڭ شاھىتلىرى تۇرۇقلۇق قولىغا قەلەم ئالمىسا، يېزىپ قويمىسا ئۇلارنى نېمە دېگۈلۈك؟ بىلىش كېرەككى، ئېغىزدىكى تارىخ ئۇنتۇلىدۇ، قەغەز يۈزىدىكى تارىخلا ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئاۋامنىڭ تارىخنى تارىخ ياراتقان ئاۋام ئېچىدىكى بىرىنىڭ خاتىرىلەپ قويۇشى خۇددى بىر ئادەم ئۆجمە تىكسە كۆپچىلىك تەڭ بەھرىلەنگەنگە ئوخشايدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ چىقىشى ئاۋامنىڭ بەختى بولسا، چىقماسلىقى بەختسىزلىكىدۇر. تىرىكچىلىك ۋە ماددىي مەئىشەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى نۇرغۇن كىشىلەرنى رېئاللىققا ئېتىبارسىز قارايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. بۇ خىل ئەھۋالدا كىشىلەر ئەتراپىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ۋەقەلەرنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئەتىياز بىلەن ياز ئالماشقاندەك نورمال ئىش دەپ قاراپ پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلدى. تارىخ خاتىرىلەشكە بەزىلەرنىڭ ۋاقتى بولمىسا، بەزىلەرنىڭ ئىستىداتى بولمىدى. نەتىجىدە تارىخ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كونىرىدى، ئۇنتۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئەۋلادلارنى تارىخقا زار قىلىۋەتكىنى باشقا بىرى بولماستىن ئەجدادلاردۇر. گەرچە ئۇلارنى ئەسلەۋېرىشكە بولمىسىمۇ، بۇنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ياراتقان تارىخنى ئۆزى بىلەن ئۈن-تىنسىز ئېلىپ كەتتى. بۈگۈن ئەۋلادلارغا قالغىنى ئېغىر ئۇھسىنىش ۋە تارىخنىڭ چۆل - جەزىرىسىدە نىشانسىز پىرقىراشتۇر. ئەجدادلارنىڭ ئىشى ئۆتتى، كەتتى. ئەمدىكى مەسىلە بىزدە قالدى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭامدۇق ياكى ئۇلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە خاتىرە قالدۇرامدۇق؟

قەدىمدە تارىخ يېزىش، شېئىر، ھېكايە يېزىشلا ئەمەس قەلەم ئارقىلىق خەت يېزىشمۇ بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇردىكىدىن نەچچە ھەسسە مۈشكۈل ئىدى. بۈگۈنكىلەر ئىگە بولغان ئەۋزەللىكنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش، قەلەم بىلەن مەدھىيىلەش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ يەنە يازمىغانلارنى نېمە دېگۈلۈك؟ توغرا، ئادەملەرنىڭ ۋاقتى قىس. بالا باقمىسا، ئۆي تۇتمىسا، ئەمەل - مەنسەپ ئۇتمىسا، ھۈنەر - كەسىپ قىلىپ پۇل تاپمىسا بولمايدۇ. «ئۆتمۈشتىكى گەپ» ئۈچۈن «بۈگۈنكى نەپ»نى قولدىن بېرىپ قويسا بولمايدۇ.

بىز تارىخىمىزغا كۆڭۈل بۆلمەيمىز ئەمەس، تازا كۆڭۈل بۆلىمىز، ئەمما بۇ خىل كۆڭۈل بۆلۈش، قىزىقىش، ئىزدىنىش كۆپ ھاللاردا بۈگۈندىن كۆرە ئۆتمۈشكە بەكرەك مايىل. شۇ ۋەجىدىن بۈگۈنكى تارىخ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېتىبارىدىن چەتتە قالدى.

تارىخنىڭ قىممىتى ھامان ئۇنىڭ بۈگۈن بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا ئوڭ تاناسىپ بولۇپ كەلدى. تارىخ بۈگۈندىن قانچىكى يىراقلاشسا، ئۇنىڭ قىممىتى شۇنچىكى يۇقىرى بولۇپ كەلدى. ئەمما قىممەت ۋە ئەھمىيەت جەھەتتە ئۆتمۈش تارىخىدىنمۇ مۇھىم بولغان بۈگۈن يۈز بېرىۋاتقان تارىخقا سەل قاراشقا ھەرگىزمۇ بولمايدۇ.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخقا ئېتىبارسىز قاراش تۈپەيلى يوقاتقانلىرى، ئۇنىڭ باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى مەھرۇم قالغانلىرىدىن كۆپ بولغان. قەدىمدە تارىخ خاتىرىلەشنىڭ شەرت - شارائىتلىرى ھەقىقەتەن كەمچىل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئېتىبارلىق ئورنىمۇ بۈگۈنكىدەك روشەن ئىپادىلىنىپ چىقمىغانىدى. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە تارىخنىڭ مۇھىملىقى ھەممىگە ئايان بولدى.

يىراقنى تىلغا ئالماي تۇرايلى، 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىمۇ ھەممە كىشى قىزىقىدۇ. ئەمما ئەنە شۇلارنىڭ ھاياتى ھەققىدىمۇ كۆپ بىلىشكە ئىگە ئەمەسمىز. بۇ ھەقتە بەزىلەر ئەسلىمە يازدى. ئەمما ئۇلارمۇ ئەسلىمىسىنى تارىخ يۈز بەرگەندىن كېيىنكى 20 - 30 يىل، ھەتتا 40 - 50 يىل كېيىن يازدى. بەزىلەر قېرىپ ھالىدىن كەتكەن، كۆزىنىڭ نۇرى ئۆچكەن، خاتىرىسى يېرىم - يارتا ئەھۋالدا يازدى. بۇلار قانداقلا بولمىسۇن ئۆز ھاياتىدىن ئىز قالدۇرغۇچىلار بولدى. ئەمما ئەنە شۇلار بىلەن زامانداش ياشىغان، نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولمىش پېشقەدەملەر ھېچ نەرسە يازمىدى ياكى كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى يازىدىغانلارغا ئېيتىپ بەرمىدى، ئۇلار ئۆزلىرىدىلا نام - نىشانسىز كېتىپ قالماستىن، ئۆزىگە مەلۇم بولغان مىللەتنىڭ شۇ دەۋردىكى تارىخنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىپ، ئەۋلادلارنى تارىخ بىلىشتىن

مەھرۇم قالدۇردى.

ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى ئەيىبلەشكە ئورۇن يوق. چۈنكى، تارىخ يېزىش - يازماسلىق شەخسنىڭ ئەركىنلىكى. بەزىلەر ھەر خىل ھەرىكەت، بوران - چاپقۇنلارغا ئۇچراپ جىسمانىي جەھەتتىن ھالسىزلانغان، مەنىۋى جەھەتتىن خارابلاشقان. ئۇلار ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشنى خالايدۇ. يەنە بەزىلەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىلىدىغانلىرىنى پۈتۈنلەي ياكى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنتۇپ كەتتى.

تارىخنى ھەر بىر قوۋم ئۆزى يارىتىدۇ ۋە ئۇنى خاتىرىلىمەسلىك بىلەن ئۆزى يوقىتىدۇ. ئەجدادىنىڭ تارىخىغا بولغان ئېتىبارسىزلىقى ماھىيەتتە ئەۋلادىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئېتىبارسىزلىقتۇر. ئەۋلادلار ئەجدادىنىڭ تارىخى ئارقىلىق ئەجدادى ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر كىشىلەردىن ئۈلگە ئالىدۇ. خائىن، ئاسىيلاردىن ئىبرەت ئالىدۇ.

ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخنى بىلىش، ئۇنىڭدىن ئۈلگە ۋە ئىبرەت ئېلىش ھوقۇقى بار. ئەجدادىنىڭ تارىخ قالدۇرماسلىقى ئەۋلادنى ئۈلگە ۋە ئىبرەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەۋلاد ئەجداد تارىخنى داۋام قىلغۇچى، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى ئۇلىغۇچىدۇر. ئەۋلادقا نىسبەتەن ئەجدادىنى بىلىش غۇرۇر، ئىشەنچ، ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ. ئەجدادىنىڭ تارىخ خاتىرىلىمەسلىكى دەل ئەۋلادنى ئۆزلىرى ھەققىدىكى بىلىشتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. ئەۋلادلارنىڭ تارىخ بىلىشى سەۋىيىلىك ئېرىشىدىغىنى كۆپ بولمىغىنى بىلەن تارىخ بىلمەسلىك تۈپەيلى يوقىتىدىغىنى كۆپ بولىدۇ.

## ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مىراسلىرى

«ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ قالدۇرۇش ئۇسۇلى ۋە شەكىللىرىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشىغان ماكان ۋە زېمىنلاردا تاغ - قىيالارغا چەكمە سۈرەت ئويۇپ قالدۇرۇش يولى بىلەن ھايات پائالىيەتلىرىدىن خاتىرىلەر قالدۇرغان؛ ئابىدە — مەڭگۈ تاش تىكلەش يولى بىلەن تارىخ - خاتىرە قالدۇرغان؛ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن باشلاپ، تەزكىرە ۋە رەسمىي تارىخ ئەسەرلىرى يېزىلىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ مول مەزمۇنلۇق رىۋايەتلىرىدىمۇ تارىخنىڭ بەزى ئىزنالىرىنى خېلىلا ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ» [19].

يازما تارىخ قالدۇرۇشمۇ ئەنئەنىگە باغلىق. دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەردە يازما تارىخ قالدۇرۇش ئەنئەنىسى بولغان ئەمەس. مۇتلەق كۆپ ساندىكى قوۋملاردا قەدىمدە بۇ خىل ئەنئەنە بولمىغان، ئاز ساندىكى قوۋملاردىلا بولغان، بۈگۈنكى كۈندە يازما تارىخ قالدۇرۇش نوقۇل ئەنئەنىنىڭلا مەھسۇلى بولماستىن، دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ۋە زاماننىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى.

قەدىمدىن ھازىرغىچە تېرىم مەدەنىيىتىگە تەۋە مىللەتلەردە يازما تارىخ قالدۇرۇش ئەنئەنىسى بولغان ھەمدە بۇ خىل ئەنئەنە بەلگىلىك دەرىجىدە راۋاجلانغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەر بىر تارىخىي دەۋرى ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىنغان يازما تارىخى بار. ھالبۇكى، يايلاق مەدەنىيىتىگە تەۋە قوۋملاردا يازما تارىختىن كۆرە ئاغزاكى تارىخ راۋاجلانغان. يايلاق مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرى شەكلىدە ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملاشقان. بۇ دۇنيادىكى يايلاق مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە بارلىق قوۋملارغا ئورتاق بولغان تارىخىي مەدەنىيەت ھادىسىسى بولسا كېرەك. مەسىلەن: قىرغىزلارنىڭ «ماناس»، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر»، زاڭزۇلارنىڭ «گېسار»، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە» ئېپوس-داستانلىرى بۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخنى تۈرلۈك شەكىلدە ساقلاپ قالغان ۋە ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەمما يازما تارىخشۇناسلىقى تەرەققىي قىلغان خەنزۇ مىللىتىدە بۇ داستانلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرغۇدەك داستانلارنىڭ بولمىغانلىقى مەلۇم. بۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە بەلگىلىك پەرقلەر ساقلانغان مىللەتلەردىكى تارىخىي قاراش ۋە تەپەككۇردىكى ئۆزگىچىلىكنىڭ مەھسۇلىدۇر.

قەھرىمانلىق داستانلىرى شۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئەمما ئۇنىڭ بەلگىلىك چەكلىمىلىكىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ قەھرىمانلىق داستانلىرى خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتى بولغاچقا، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئۇنىڭ مەزمۇنىغا كېيىنكىلەر تەرىپىدىن تولۇقلىمىلار قوشۇلۇش ۋە بىر قىسىم مەزمۇنلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىنمۇ ساقلانغىلى بولمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا قەھرىمانلىق داستانلىرى ئاساسلىقى قەھرىمان پائالىيىتى بىلەن چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ پۈتكۈل تارىخنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. قەھرىمانلىق داستانلىرى ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، قانۇن،

ئەخلاق، ئېتىقاد، دۇنيا ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ئوخشاش مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيەگە مەنسۇپ بولغان تەرەپلەرنى تولۇق بىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتە قەھرىمانلىق داستانلىرى يازما تارىخقا يەتمەيدۇ. بىر مىللەتتە يازما تارىخ ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرى تەڭلا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلايدۇ، ئەمما تارىخقا نەزەر سالساق شۇنى بىلەلەيمىزكى، بۇنداق ئەھۋال كەمدىن ـ كەم ئۇچرىغان. يازما تارىخ قالدۇرغان قوۋملارنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرى تەرەققىي قىلمىغان، ھەتتا بەزىلەرنىڭ بولمىغان. قەھرىمانلىق داستانلىرى بارلىرىنىڭ يازما تارىخى بولمىغان ياكى تولۇق بولمىغان، بۇ بەزى قوۋملاردا ئومۇمىيۈزلۈك، بەزى قوۋملاردا قىسمەن ساقلانغان ئەھۋالدۇر.

ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، كلاسسىك ئەدەبىياتتا تەۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلەرنىڭ تارىخي ئەسەر، ئەدىبلەرنىڭ بولسا تارىخشۇناس ياكى شائىر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ھالبۇكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، كلاسسىك ئەدەبىياتتا تەۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلەرنىڭ شېئىريي ئەسەر، ئەدىبلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسىنىڭ شائىر، ئاز ساندىكىسىنىڭ تىلشۇناس، تارىخشۇناس ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتىدە ئازراق ئۆزگىرىش بولغان. شائىرلارنىڭ سانى ئازايغان، يازغۇچىلارنىڭ سانى ئاشقان. ئەمما ئۆزگىرىش بولمىغانى تارىخ ساھەسىدۇر. مەيلى قەدىمدە، مەيلى ھازىر بولسۇن ئۇيغۇرلاردا تارىخشۇناسلار ئاز بولغان. بۇ تەبىئىي ھالدا تارىخي ئەسەرلەرنىڭ ئاز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنداق بولغاچقا تارىخ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاجىز ھالقا بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر يازما تارىخىغا ئاساس سېلىپ بەرگەن ئەسەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تارىخي دەۋرلەردە خاقانلارنىڭ ئەمرى بىلەن تىكلەنگەن مەڭگۈ تاشلاردىن سىرت، ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان، شەرقنىڭ ئارىستوتېلى دەپ ئاتالغان فارابى (870 ـــ 950) نىڭ ئەسەرلىرى؛ قاراخانىلار سۇلالىسىدە ياشىغان مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي (1011 ـــ 1105)نىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»؛ يۈسۈف خاس ھاجىب (1019 ـــ 1085) نىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شاھانە ئەسىرى قاتارلىقلاردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قارىشى، پەلسەپىۋى بىلىشلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىن يېتەرلىك ئۇچۇر بېرەلەيدىغان ئۇشبۇ ئەسەرلەرنى تارىخي قىممىتى يوق دېيىشكە ھېچكىمنىڭ ئاساسى يوق. شۇنداقلا بۇ ئەسەرلەرنى تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ، تارىخىمىزنىڭ ئانا بەتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن تەتقىق قىلغىنىمىزمۇ ھەم يوق.

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق ئالىم ۋە تارىخشۇناس جامال قارشى (1230 ـــ 1310) «سۇرراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە»نى (1303 ـ يىلى) يازغان. ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن بەزى خانلىقلارنىڭ تارىخىدىن مۇھىم پارچىلار ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەزكىرىلىرى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى تارىخي ئەسىرى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان (1499 ـــ 1551) تەرىپىدىن يېزىلغان ئابدۇرەشىتخانغا بېغىشلانغان «تارىخي رەشىدى» (1541 ـــ 1547)دىن باشلانغان.

تارىخچى ۋە ئەدىب شاھ مەھمۇد جوراس (17 ـ ئەسىر) يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگاندىن كېيىنكى تارىخشۇناس. ئۇ تارىخى رەشىدىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە «تارىخي رەشىدى ـــ زەيلى» (1686 ـ يىلى)نى يېزىپ چىققان.

تارىخشۇناس ۋە ئەدىب مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي (1740 ـــ 1849) ئۆز ئۆمرىدە «تەزكىرەئى ئەزىززان»، «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھف»، «تارىخي ئەسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەردىكى تارىخىنى بىر قەدەر تەپسىلىي يورۇتۇپ بەرگەن.

تارىخشۇناس ۋە ئەدىب موللا مىرسالىھ (18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان) «چىڭگىزنامە» (تارىخي كاشغەرىي) ناملىق تارىخي ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەردە تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە قەتانلارنىڭ تارىخى، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى دەۋرىدىن يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

تارىخچى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا

مۆجىزى (19 ـ ئەسىر) «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن»نى (1854 ـ يىلى) يېزىپ، قەدىمدىن ئۆز دەۋرىگىچە ياشىغان ئۆزى بىلىدىغان سەنئەتكارلار ھاياتىدىن خاتىرە قالدۇرغان.

ئۇيغۇرلاردىكى كىلاسسىك تارىخنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى، تارىخ ئەھلىنىڭ بايراقدارى موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامىدۇر. ئۇ 1836 ـ يىلىدىن 1917 ـ يىلىغىچە دىيارىمىزدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق تۆھپىسى تارىخشۇناسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. موللا مۇسا سايرامى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخشۇناسلىق نەزەرىيەسىگە ئاساس سالغۇچى، تارىخنى تارىخ يۈز بەرگەن دەۋردە يېزىش بىلەن كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئۈلگە تىكلەپ بەرگۈچىدۇر. موللا مۇسا سايرامى ئۆز ھاياتىدا تارىخقا ئائىت ئەسەرلەردىن «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» (1885 ـ يىلى)، «دەربايان ئەسھابۇل كەھف» (1898 ـ يىلى)، «تەزكىرەئى خوجا ئافاق»، «تارىخىي ئەمنىيە» ۋە ئۇنىڭ تولۇقلانغان نۇسخىسى «تارىخىي ھەمىدى» (1908 ـ يىلى) قاتارلىقلارنى يازغان.

موللا مۇسا سايرامى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي تارىخىنى، بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئاخىرلىرىغىچە بولغان يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك مەزگىلدىكى تارىخنى يېزىپ، ئەجدادىدىن تارىخشۇناس ئاز چىققان، يازما تارىخى كەمتۈك بۇ مىللەتنىڭ شۇ دەۋردىكى تارىخىي جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا تارىخ يازغۇچىلار كۆپ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا تارىخچى ۋە تارىخىي ئەسەرلەر قەدىمدە قانچىكى ئاز بولغان بولسا، ھازىر ھېلىھەم شۇنچىكى ئاز. مىرزا ھەيدەر كوراگان دەۋرىگىچە ئۇيغۇرلاردا ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر تارىخچى مەيدانغا كەلمىگىنىدەك، موللا مۇسا سايرامى ۋاپاتىدىن كېيىنكى 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت مابەينىدە، تالاي ئۇيغۇرلار تۇغۇلۇپ، ياشاپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئۇنىڭغا ئوخشاش تارىخشۇناس ئاساسەن مەيدانغا كەلمىدى ياكى ئاز كەلدى.

تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، ئەجدادلىرىمىز كۆپ ۋاقىتلاردا «تارىخ يارىتىش بىلەن ئالدىراش» بولۇپ كېتىپ، ئەينى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى خاتىرىلەپ قويىدىغان كۆپلىگەن خەلق تارىخچىلىرىنى مەيدانغا چىقىرالمىغانلىقى مەلۇم.

ئۆز تارىخىدىن ھېساب ئالمىغان قوۋم تارىخنىڭ ھېسابىغا قالىدىغان قوۋمدۇر. تارىختىن ھېساب ئېلىش ھەرگىزمۇ ئەجدادلاردىن ھېساب ئېلىش ئەمەس. ئەجدادلىرىمىز تارىخ ھالسىرىغان، جاھاننى زۇلمەت، قاراڭغۇلۇق قاپلىغان، تەڭسىزلىك ۋە زۇلۇم، جاھالەت ۋە نادانلىق ئەۋج ئالغان ئاجايىپ بىر دەۋرلەردە ياشىغان. ئۇلار ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ، ئۆزى ياشىغان دەۋر ئىمكان بەرگەن دائىرىدىكى ئىشلارنى قىلدى. بۈگۈنكىلەرگە قالغىنى ئەجدادلار ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەردىن ئۈلگە ئېلىشتۇر.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ۋە ھەرقايسى يەرلىك مۇقاملار ئۇيغۇرلار تارىخىنى سەنئەت شەكلى بىلەن قەدىمدىن بۈگۈنگە ئۇلىغان تىرىك تارىخ. ئەمما ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتى ھەمىشە يازما تارىختىن تۆۋەن بولۇپ كەلدى. مەيلى ئۇيغۇرلار ياكى ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ بولسۇن تارىخ نۇقتىسىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشكە ئېرىشەلمىدى. گەرچە ئۇنىڭ سەنئەتلىك قىممىتى تارىخ قىممىتىدىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ تارىخىي قىممىتىمۇ تۆۋەن ئەمەس ئىدى. دۇنيادا سەنئەت كۆپ، ئەمما بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى سەنئەت شەكلى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ بۈگۈنگە ئۇلىغان سەنئەت پەقەت ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە مىللەتتىلا بار. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ تەتقىق قىلدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئاق قالغان ئانا بەتلىرىنى تولدۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قارىشى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئارزۇ ـ ئارمىنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىكى تارىخىي قىممىتىنى ھامان نەزەردىن ساقىت قىلدى. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئىتى ۋە تارىخىنى بىرلىكتە ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بىباھا گۆھەر. پارس (ئىران) شائىرى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى داستان شەكلىدە پارسلارنىڭ تارىخىنى ساقلاپ كەلگىنىدەك، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»مۇ سەنئەت شەكلىدە ئۇيغۇرلار تارىخىنى ساقلاپ كەلگەندۇر،

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ تارىخىي قىممىتىگە باھا بەرگەندە قارىماققا يىلنامە كەمدەك بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» تېكىستلىرىدە ئاپتورلىرىنىڭ ياشىغان يىلنامىلىرى بار. بىز شۇنىڭدىن مۇقاملاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش كارتىنىسىنىڭ قايسى دەۋرگە مەنسۇپلۇقىنى بىلىۋالالايمىز.

بۈگۈنكى كۈندە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مەدەنىي مىراسلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى ھەتتا بەزى دەۋرلەرگە ئائىت ھېچقانداق تارىخىي ئەسەرنىڭ يوقلۇقىنى بايقايمىز. بۇ ھەرگىزمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەزەلدىنلا تارىخ قالدۇرۇشقا ئېتىبار بەرمىگەنلىكى، تارىخ قالدۇرمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى، كۆپ قېتىملىق كۆچۈش، مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر داۋامىدىكى كىتاب كۆيدۈرۈشلەردە بار بولغانلىرىمۇ يوقالغان. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئوقۇشقا نائىل بولغانلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى باشقا ئەللەردە ساقلانغان، ئاز بىر قىسمى دىيارىمىزدا ئەنە شۇ يىللاردا ئامان قالغان كىتابلاردۇر.

ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار ئىچىدە جۇڭگودا بار بولغان خەنزۇچە ماتېرىياللارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى، ئەنگلىيە، رۇسىيە، ياپونىيە ۋە شۋېتسىيەدە بېسىلغان بىر تۈركۈم كىتابلار تەرجىمە قىلىنىپ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تارىخ تەرجىمەچىلىكىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، خېلى كۆپ قىسمى خەنزۇچە ياكى ئۆز تىلى بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئانا بەتلىرىنى بىلىش ئۈمىدى بۇ زېمىندا بار بولغان ماتېرىياللاردىلا بولماستىن چەت ئەللەردىكى ماتېرىياللاردىمۇ بار. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار يازغىنىدىن چەت ئەللىكلەر يازغىنى، دىيارىمىزدا يېزىلغىنىدىن چەت ئەلدە يېزىلغىنى كۆپ بولدى، ساقلىنىش جەھەتتىمۇ چەت ئەللەردە بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان. دىيارىمىزدا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۈزلۈكسىز يۈز بەرگەن يېغىلىقلار ۋە ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي بوران - چاپقۇنلار ئۇ ماتېرىياللارنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى يوقاتقان. شۇ سەۋەبتىن دىيارىمىزدا ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ ساقلىنىشى كۆپ بولمىغان، تارىخىي يازما خاتىرىلەرنىڭ ئاز بولۇشى ئەۋلادلارنى ئەجداد تارىخىنى بىلىشتىن مەھرۇم قالدۇرغان. ئۈلگە ۋە ئىبرەت ئېلىش كەم بولغان. نەتىجىدە ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئەۋلادلار ئەجدادلىرىنىڭ تىراگېدىيەسىنى تەكرارلاشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلگەن.

تارىختىن بېرى ئۇيغۇر قوۋمى ئىچىدىن چىققان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيەسى ۋە تەپەككۇرىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن مەدەنىيەت ئەربابلىرى — ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە ئەل ئوغلانلىرىغا ساتقىنلىق ۋە زىيانكەشلىك قىلغان كىشىلەرنىڭ نامى ئەل ئارىسىدا شىكايەت تەرىقىسىدە بىر مەھەل تاراپ ئاندىن ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلدى. بۇنىڭ بىلەن زىيان تارتقۇچى زىيالىي ۋە ئەل - ئاۋام بولسا، پايدا كۆرگىنى خائىن، ئاسىيلار بولدى. ئۇلارنىڭ بۇنچە تېز ئۇنتۇلۇشى ئۇلارنىڭ نامى ۋە ساتقىنلىقى ئېغىزدا كۆچۈپ يۈردى - يۇ، قەغەز يۈزىگە ئېلىنمىدى. تېخى بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ كىشىلەر خاتا ھالدا «ئەل - ئاۋامنىڭ باشپاناھى، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تۆھپىكارى، مىللەتنىڭ قەھرىمانى» دەپ قارالدى. دۇنيادا ئۆز نامىنىڭ ئاسىي - مۇناپىقلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىنى خالايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئەمما تارىخ قالدۇرۇش ئەنئەنىسى بولمىغان، تارىخىغا بېپەرۋا قارايدىغان قوۋملاردا «ئاسىي، خائىن، مۇناپىق» ئاتىلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ئادەممۇ يوق. سۈپۈرگە تەگمىسە چاڭ - توزان ئۆزلۈكىدىن يوقالمايدۇ ئەلۋەتتە.

ھەر بىر ئائىلىدە «ئائىلە شەجەرىسى» قالدۇرۇش ئەنئەنىسى بولغان بەزى مىللەتلەر، قەھرىمانلارمۇ، ئاسىيلارمۇ تارىخ ۋە ئەۋلادلار تەرىپىدىن تېگىشلىك ھۆرمەت ۋە نەپرەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلدى، شۇ ۋەجىدىن قەھرىمانلىقنىڭ شەرىپىگە ئىنتىلىدىغانلار ھامان ئاسىيلىقنىڭ نومۇسىغا قالغانلاردىن كۆپ بولدى.

جاھاندا بىر قېلىپتىن چىققاندەك تارىخىي ۋەقەلەر ئەسلا بولغان ئەمەس. ئەمما بىر قېلىپتىن چىققاندەك ئىبرەتلىك ۋەقەلەر كۆپ بولغان. شۇنداق بولغاچقا تارىخنىڭ ۋەقەلىكى ئۆتمۈشكە، ئىبرىتى بۈگۈن ۋە كەلگۈسىگە مەنسۇپتۇر.

ئۇيغۇر قوۋمىگە مەنسۇپ بولغان زىيالىيلار، سودىگەرلەر ۋە ئەمەلدارلار تۈركۈمى ئىچىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بىر قەدەر زور تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بەزىلەر

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە تارىختا نامى قېلىشتىن كۆرە جەمئىيەتتە يۈزى ، بانكىدا پۇلى قېلىشقا بەكرەك ئېتىبار بېرىشتى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، زاماندىشلىرىمىزنىڭ تارىختا ياخشى نامى قېلىشنىڭ شان - شەرىپى، يامان نام قېلىشنىڭ ئار - نومۇسنى تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشى يامان نامغا لايىقلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە ئىش ئىزلىرىنى خاتىرىلەپ قويىدىغان كىشى چىقمىغان ئەھۋالدا كىمنىڭمۇ ياخشى ئىشنى قىلغۇسى، يامان ئىشتىن يانغۇسى كەلسۇن؟ ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ سۈيىدە ئاققان، بۇ يولدا كۆپ رەنج - مۇشەققەتلەر چەككەن، كۆپ بەدەللەر تۆلىگەن كىشىلەرنى ئەۋلادلارغا ئۈلگە ئۈچۈن يېزىپ قويماقلىق كېرەك. بىر مىللەتنىڭ يوقلىشى ئالدى بىلەن شۇ مىللەت مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان مەدەنىيەت ئەر بابلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇشى بىلەن باشلىنىپ، مەدەنىيىتىنىڭ ئۇنتۇلۇشى بىلەن تۈگەللىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەل - يۇرتنىڭ زىيىنى ئۈچۈن كەتمەن چاپقان، ئەل سۆيگەن ۋە ئەلنى سۆيگەن ئەزىزمەتلەرگە تۆھمەت چاپلىغانلارنى ئىبرەت ئۈچۈن يېزىپ قويماقلىق كېرەك. ئەلنى سۆيگەن ۋە ئەلنى قاقشاتقانلار تارىخ ۋە ئەۋلادلار باھاسىنىڭ سىرتىدا قالمىسۇن، ھەركىم ئۆز قىلمىشىغا يارىشا قاچانلا بولمىسۇن تېگىشلىك مۇكاپات - جازاسىغا ئېرىشسۇن، يازما تارىخ قالدۇرۇش مانا بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولىدۇر.

ئۇيغۇرلاردا بۈگۈنكى كۈندە يازما تارىختىن كۆرە يېزىقسىز تارىخ بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان. تارىخنىڭ چىنلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان قەدىمي خارابىلىكلەر، مەدەنىي يادىكارلىقلار، رىۋايەتلەر ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان قىممەتلىك تارىخي مىراسى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان يېزىقسىز تارىخنى تەۋەررۈك سۈپىتىدە بىلىپ، ئۇنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ تارىخنىڭ ئاق قالغان بەتلىرىنى تولدۇرۇشقا ئەڭ ھەقلىق. ھالبۇكى، بىر قىسىم نادان ئادەملىرىمىز ئەجدادلىرىمىز ياشىغان قەدىمي خارابىلىكلەرگە، كۆمۈلگەن قەبرىلەرگە ئەجدادى تارىخنى بىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئالتۇن - كۆمۈش، مال - دۇنياغا ئېرىشىپ، باي بولۇش ئۈچۈن بېرىشتى. ئۇ يەردىن چىققان قەدىمي ئاسار ئەتىقىلەرنى ئاز پۇلغا سېتىپ، تارىخنىڭ ماددىي ئىسپاتلىرىنىمۇ يوقىتىشتى. مىڭ ئەپسۇسلار بولسۇنكى، بۈگۈنكى كۈندە ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە، روسىيە، شۋېتسىيە كۇتۇپخانا، مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي، مەدەنىيىتىگە ئائىت كىتابلار ، ئاسار ئەتىقىلەرگە ئېرىشىش ئاسان ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا تارىخىمىزنى مۇكەممەل رەۋىشتە بىلىشىمىز ھەم يوق.

ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەرنىڭ تارىخى بىر - بىرلەپ يېزىلىۋاتىدۇ. ئەمما ئىنسانىيەت تارىخىغا بەلگىلىك مەدەنىيەت نەتىجىلىرى بىلەن تۆھپە قوشقان، تارىختا شان - شۆھرىتى بىلەن ئىز قالدۇرغان بەزى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مۇكەممەل تارىخنىڭ كەملىكى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشدۇر. چۈنكى، ئەسلىنى تاپالمىغان قوۋم نەسلىنىمۇ تاپالمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇكەممەل تارىخى يېزىلمىغىنى بىلەن قۇياش ئۆز ئوربىتىسىدا، يەر شارى قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىۋېرىدۇ، پەسىللەر ئۆز قەرەلىدە ئالمىشىۋېرىدۇ. تارىخى مۇكەممەل يېزىلغان مىللەتلەر پەن - تېخنىكا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلىۋېرىدۇ. ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا مەدەنىيەتتە ئانچە يۈكسەلمىگەن ئۇيغۇر ئۆز پېتى قېلىۋېرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئارقىدا قېلىش ياكى ئالغا كېتىشىنىڭ تارىخ بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ؟ بار بولسا قانچىلىك بار؟ دېگەن سوئالغا بېرىدىغان جاۋاب شۇكى، مۇناسىۋىتى بار، بار بولغاندىمۇ تازا بار. بۇ خىل مۇناسىۋەت قارىماققا كىچىك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە چوڭدۇر، چوڭقۇردۇر. تارىخ بىر مىللەتنىڭ نوقۇل كەچۈرمىشى ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنىڭ يەكۈنىلا ئەمەس. تارىخنىڭ ئەۋلادلارغا ئاتا قىلىدىغىنى نوقۇل تەجرىبە - ساۋاقلا ئەمەس ياكى ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرغان پەند - نەسىھەتلا ئەمەس، ئۇ ئەجداد روھىنىڭ ئەۋلادلاردا زاھىر بولۇشى، ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى، ئەجداد ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئۈمىد - ئارزۇسىنىڭ ئەۋلادلاردا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىشىدۇر.

دۇنيادا ئەجدادنىڭ ئەۋلادقا قالدۇرغان مىراسلىرى ئىچىدە تارىخ ئەڭ مۇھىم مىراس ھېسابلىنىدۇ. ئەۋلادلار تارىخ ئارقىلىق ئەجدادىنى بىلىدۇ، بۈگۈنگە يول، كەلگۈسىگە ئۇل سالىدۇ؛ ئەجدادلىرىنىڭ شان - شۆھرىتى، ئۇتۇق - نەتىجىلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن خەۋەر-

دار بولالايدۇ؛ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەجايىپ تەرەپلىرىدىن
ئۆلگە، سەۋەن ـ خاتالىرىدىن ئىبرەت ئالىدۇ؛ ئەجدادلى-
رى ئاچقان يولدا ماڭىدۇ، ئەجدادلىرى ئەمەلگە ئاشۇرال-
مىغان ئىشلارنى رويابقا چىقىرىدۇ، ئەڭ مۇھىمى
ئۇلاردىن ھالقىيدۇ.

20 ـ ئەسىر بىلەن بىر ئوبدان خوشلاشتۇق ـ يۇ،
بۇ ئەسىرنىڭ تارىخنى يازغۇچىلار كۆپ چىقمىدى.
ئەمما تارىخ يازغۇچى ئانچە چىقمىغىنى بىلەن رومان ياز-
غۇچىلار تازا چىقتى. تارىخشۇناسلار مەيدانىغا كەلمىگىنى
بىلەن يازغۇچى ـ شائىرلار بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ،
بۇ سەپتە ئۈزۈلمەي مەيدانغا كېلىپ تۇردى. تارىخ يازى-
دىغانلارنىڭ چىقماسلىقى بىلەن بۇ ساھە يەنىلا ئاجىز
ھالقا بولۇپ تۇرۇۋەردى. ئەدەبىيات ئەھلى نەچچە
بابلىق، نەچچە قىسىملىق توم ـ توم كىتابلارنى يېزىپ
نەشر قىلدۇردى ـ يۇ، نېپىزرەك بولسىمۇ تارىخ كىتاب
يېزىلمىدى. نوقۇل توقۇلمىنى يازغاندىن كۆرە رېئاللىق-
نى، ئەمەلىيەتنى يېزىش تېخىمۇ ئاسان بولار ئىدى. ياز-
غۇچىلىرىمىز ئوبرازلىق تەپەككۇرغا شۇ قەدەر باي بول-
دىكى، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ كۆزى كۆرمىگەن، ئۇلارنىڭ
ساداسىنى قۇلاق ئاڭلىمىغان «تاشقى پىلانېت ئادەملى-
رى»نى يېزىشقا ئۆتكۈزدى.

تارىخ ساھەسىگە قەدەم قويۇپ، ئەجدادلىرىمىز تا-
رىخنى يېزىشقا ئۇرۇنغانلار ئىچىدە ئەدەبىيات ئەھلى
تارىخ ئەھلىدىن كۆپ بولدى. ئەمما تارىخ ئوقۇغان،
تارىخ يارىتىشقا قاتناشقان، خاتىرىلەش ئەھمىيىتى بار
ئىشلارنى بىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ قولىغا
قەلەم ئالماي سۈكۈتتە تۇرۇشى، نۇرغۇن قىممەتلىك تا-
رىخي ئۇچۇرلارنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىشى تولىمۇ
ئەپسۇسلۇق ئىشتۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنىڭ ئانا بەتلى-
رىلا ئاق قالغان بولماستىن، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان
تارىخىدىمۇ ئاق بەتلەر قالدى. بۇ يەردىكى ئاق قېلىش
تارىخنىڭ يارىتىلمىغانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى يېزىلمى-
غانلىقىدىن بولدى. ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە ئاق
قالغان ئەنە شۇ بەتلەرنى تولدۇرۇشتا كۆپ مۇشەققەت
تارتىۋاتىدۇ. قەدىمكى زامانىنى بىلىشتە، كىلاسسىك «24
تارىخ» قا مۇراجىئەت قىلساق، يېقىنقى زامانىنى بىلىشتە
ئەنگلىيە، فىرانسىيە، شىۋېتسىيە، ياپونىيە ، رۇسىيە،
گېرمانىيەلىك سەيياھلارنىڭ خاتىرىلىرىگە تايىنىۋاتىمىز.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
بەزى ئەجنەبىي سەيياھلار ــ نامدا ئېكسپېدىتسىيە
قىلىش، ئەمەلىيەتتە رايونىمىزنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى،
تەبىئىي بايلىقى، خەلقىنىڭ ئەھۋالىدىن ئۈز دۆلىتىدىكى
سەلتەنەت ئىگىلىرىنى پايدىلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن-
لەش ئۈچۈن كېلىشتى. ئۇلار بۇ زېمىندا بىر قانچە يىل
ئاتالمىش «تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش» ئېلىپ باردى.
ئۇلار كېلىشتە قۇرۇق قول كەلگەن بولسا، قايتىشىدا
يەشىك ـ يەشىك قول يازمىلار ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقى-
لىرىنى ئېلىپ كېتىشتى.

چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر دىيارىمىزدا
تۇرغان مەزگىللەردە نۇرغۇن خاتىرە قالدۇرغان. شۇنىڭ
بىلەن بىللە ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن
مەدەنىيەت يادىكارلىرىقلىرىنى تەتقىق قىلىپ، تەتقىقات
نەتىجىلىرىنى كىتاب ھالىتىدە ئېلان قىلغان. بۈگۈنكى
كۈندە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلىغا
تەرجىمە قىلىندى. ئۇلار قارىماققا ئادەتتىكى كىتاب بول-
غىنى بىلەن ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ۋە بىلى-
مەكچى بولغانلار ئۈچۈن «تۇتىيا» كىتاب بولۇپ
قالدى. ئۇلارنىڭ خاتىرىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار 19 ـ
ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەجداد-
لىرىنىڭ تارىخىدىن خەۋەردار بولدى.

تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخىمىزنى
تەتقىق قىلىشتا ئۇلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتەل-
مەيدۇ. ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىدە بولۇشقا تې-
گىشلىك بۇ نەرسىلەرنى ئەجدادلىرىمىز يېزىپ قالدۇرغان
ئىشەنچلىك تارىخي ماتېرىياللار يېتەرلىك دەرىجىدە
بولغىنىدا ئىدى، باشقىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە ئانچە ھاجەت
چۈشمەيتتى. بۈگۈنكى كۈندىكىدەك ئۇلارنىڭ خاتىرىلى-
رىنى تۇتىيا بىلىپ 1 ـ قول ماتېرىيال سۈپىتىدە ئەمەس،
ئۇنى پەقەت قوشۇمچە ماتېرىيال سۈپىتىدىلا پايدىلانغان
بولار ئىدۇق.

تارىخي ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى تارىخنى
تەتقىق قىلماسلىق، تارىخنى ئۆگەنمەسلىك ۋە بىلمەسلىك-
نىڭ باھانىسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. تارىخنىڭ مەن-
بەسىنى قاقشال سۆڭەكلەر، دات باسقان تۆمۈر ـ تەسەك-
لەر ياكى توقال كىتابلار ئىچىدىن ئەمەس، بەلكى تىرىك
ياشاۋاتقان ئادەملەر توپى ئىچىدىن ئىزدەش كېرەك.

بىر قوۋمنىڭ بۈگۈنىنى ئۇنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن

قىلچە مۇناسىۋىتى يوق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بۈگۈنى ئۆتمۈشىنىڭ داۋامى. ئۇنىڭ بۈگۈنىدىن ئۆتمۈشكە خاس بولغان نۇرغۇن تەركىبلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. قەدىمكىلەرگە خاس بولغان نۇرغۇن نەرسىلەر بىر بولسا تەرەققىي قىلغان، بىر بولسا چېكىنگەن ھالەتتە بۈگۈنكىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئازدۇر - كۆپتۇر ساقلانغان بولىدۇ. بۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تارىخ تەتقىقاتىنى تېپىلغۇسىز قىممەتلىك ئۇچۇر ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھە دېگەندە «ئۆتمۈشنى بىلىشكە ئامالسىزمىز» دەپ ۋايساپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆتمۈشنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمىغىنى بىلەن بۈگۈنكىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن ئۆتمۈشنىڭ خاتىرە ئىزنالىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تاپقىلى بولىدۇ. ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارى قانچىكى تەرەققىي قىلسا، ئۇنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىدىن ئۆتمۈشكە تەئەللۇق تەركىبلەرنى تېپىشمۇ شۇنچىكى موللىشىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن ھەر بىر چوڭ مەسىلە بىزنى ئۇنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى ئىزدىشىمىزگە مەجبۇرلايدۇ. شۇڭا تارىخنى ئۈزۈپ تاشلاشقا بولمايدۇ، ئۇنتۇشقا ئەسلا بولمايدۇ. رېئاللىقتىكى مەسىلىلەر كۆپ ھاللاردا تارىختىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. تارىختىكى مەسىلىلەرمۇ دائىم دېگۈدەك رېئاللىقتىكى مەسىلىلەردۇر، ھازىرقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆتمۈشنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى مۇكەممەل رەۋىشتە بىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاز دېگەندە ئۈچ تۈرلۈك يولى بار.

1. ئەڭ يېڭى ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش. ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى مەيلى چەت ئەللىكلەر ياكى باشقا تەتقىقاتچىلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ كۆپرەك ئاساس قىلغىنى خەنزۇچە كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەسەرلىرى بولدى، ئەمما دىيارىمىزدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيەلىك بۇيۇملاردىن پايدىلىنىش كەم بولدى.

2. خەنزۇچە كلاسسىك تارىخىي ئەسەرلەر بىلەن بىللە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە قالدۇرغان خاتىرىلىرىدىن تەڭ پايدىلىنىش. مەيلى باشقا تارىخشۇناسلار ياكى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار بولسۇن ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلغان ئەسەرلىرىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە دېگەندەك ئېتىبار بەرمىدى، چەت ئەللىكلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش لازىم.

3. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە قالدۇرغان ئەسەرلىرى — مەيلى ئۇ نەزمىي ياكى نەسرى ئەسەر بولسۇن ھەممىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى بار. ئەمما ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ساقلانغان بىر سەۋەنلىك شۇ بولدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ تۇرۇپ، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان ئەسەرلەردىن پايدىلانماسلىق ياكى ئاز پايدىلىنىش. بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، قەدىمىي تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان تۈرلۈك ئامىللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۇيغۇر تارىخىنى ھەقىقىي بىلىشنىڭ ئاخىرقى يولىدۇر.

**ئەجدادلار تارىخىنى رومانلاردىن ئىزدەش**

نۆۋەتتە ئەسلىدە تارىخشۇناسلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ئەدەبىيات ئەھلى قولغا ئېلىپ، تارىخشۇناسلارغا ۋاكالىتەن خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئەسەرلەرگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇۋاتىدۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەدىبلەر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان تارىخىي رومانلارنى يېزىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ رومان سۇپىتىدە مەيدانغا چىقىرىۋاتىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، تارىخ ئەھلى قىلالمىغان ۋە قىلمىغان بۇ ئىشنى ئەدەبىيات ئەھلىنىڭ بولسىمۇ روياپقا چىقىرىش ئالقىشلاشقا، مەدھىيەلەشكە لايىق ئىش. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تارىخىي رومانلارنىڭ ئەڭ بازارلىق، ئەڭ قارشى ئېلىنىدىغان ئەسەرلەردىن بولۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. مىللەت تارىخقا موھتاج، ئۆز ئەجدادلىرى ھەققىدە بىلىشكە موھتاج. ئەمما بۇ خىل بىلىشنى تارىخ ئەھلى ئىلمىي يوسۇندا يېزىلغان ئەسەرلەر ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى. شۇ ۋەجىدىن خەلقنىڭ تارىخىي رومانلار ئارقىلىق بۇ خىل ئېھتىياجنى قاندۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. بۇ ھەرقانداق بىر قوۋم ئۆز تارىخىغا موھتاج بولۇۋاتقان، ئەمما رەسمىي تارىخ تېخى مەيدانغا كەلمىگەن ئۆتكۈنچى دەۋردە مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان يولدۇر.

ئەجداد تارىخىنى رومانلاردىن ئىزدەش يازما تارىخى چالا قالغان مىللەتلەر ئورتاق دۇچ كېلىدىغان قىسمەتتۇر. يازما تارىخ تەرەققىي قىلغان قوۋمدا بۇ خىل ھالەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇزاققىچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. يازما تارىخى مۇكەممەل يېزىلغان ۋە ساقلانغان قوۋملار تارىخىي رومانلارنى

ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدە ئوقۇيدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش يازما تارىخى پىششىق يېتىلمىگەن قوۋملار ئۇنى رەسمىي تارىخى سۈپىتىدە ئوقۇيدۇ ۋە تونۇيدۇ، ئۇنىڭغا قانچىلىك توقۇلمىلار ئارىلىشىپ قالمىسۇن ئۇنى چىنلىق دەپ بىلىدۇ.

ھەممە كىشى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە قالغان، تارىخ كونىراۋاتقان، ئۇنتۇلۇۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە تارىخ يېزىش ئۈچۈن قولغا قەلەم ئېلىش زامانىنىڭ تەقەززاسى ئىدى. ھالبۇكى، قولىغا قەلەم ئالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى رومان يېزىش ئۈچۈن ئېلىشتى. ئۇلار بەك بولسا ئۆز رومانىغا تارىخىي تۈس بېرىپ تارىخىي رومان يازدى. تارىخىي رومان قانچىلىك چىن بولمىسۇن ئۇ بەربىر رومان ئىدى. ئۇنىڭ تارىخىي چىنلىقىدىن كۆرە بەدىئىي توقۇلمىلىقى ئېشىپ چۈشەتتى. كىشىلەرنىڭ تارىخىي رومانلار ئارقىلىق ئېرىشىدىغىنى پەردازلانغان رېئاللىق، تارىخىي ئەسەرلەر ئارقىلىق ئېرىشىدىغىنى بولسا ئەينى جەمئىيەتنىڭ چىن رېئاللىقىدۇر. تارىخقا بولغان تەشنالىقى قانمىغان خەلقىمىز ئۇنى سۈيۈپ ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ رومانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۇنى رەسمىي تارىخ ئورنىغا دەسسىتىۋېلىشتى. «بۇ تارىخ ئەمەس، رومان» دېگەن چوقانلار ئۇلارنىڭ قولىقىغا كىرمەيتتى ئەلۋەتتە. ئۇلارنى قايىل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئەنە شۇ رومانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىشەنچلىك ۋە نوپۇزلۇق تارىخىي ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئىدى. ئەمما بۇنداق ئەسەرنى كىم، قاچان يازىدۇ؟ بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. بۇ جەرياندا نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىتلىرى ئالەمدىن ئۆتىدۇ، تارىخ بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىز يىراقلىشىدۇ. تارىخىي چىنلىقنىڭ ئورنىنى ئەپسانە - رىۋايەت ئىگىلەيدۇ، بۇ چاغدىكى قەلەم ئېلىش تولىمۇ كېچىكىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

«تارىخ — بىزنىڭ بارلىقىمىز، پۈتكۈل بىلىملەر تارىخىنىڭ پەرزەنتلىرى. بىز تەبىئەت پەنلىرىنىمۇ، جەمئىيەت پەنلىرىنىمۇ، پەلسەپىۋى بىلىشنىمۇ تارىخىي نەرسە دەپ چۈشىنىمىز. تارىخنى بىلمەي تۇرۇپ، پەلسەپىنى بىلمەي تۇرۇپ، بىلىش ئوبيېكتىدىكى ھادىسە ۋە ماھىيەتلەرنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. گەرچە تارىخ ھەقىقەتنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ سىلجىسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتنىڭ سەيناسىدا جەۋلان قىلغۇچە تالاي بەدەللەر كېتىدۇ» [20].

## زامانداشلىرىمغا سۆز

مەن كوچا - كويلاردا زامانداشلىرىمنىڭ ئاغزىدىن، گېزىت - ژۇرناللاردا ئەدىبلەرنىڭ تىلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن ئىللەتلىرى ئۈستىدىن يىغەن ۋايىم ۋە شىكايەتلەرنى ئاڭلىدىم، ئوقۇدۇم. «ئۇيغۇر دېگەن ئۇنداق - مۇنداق، ئۆزىمىزنىڭ شۇنداقلىقىدىنمۇ كۆنىمىز شۇ» دېگەن بۇ ئىبارىلەردىن مىللەتكە بولغان سەممىي مۇھەببەتنىمۇ، شۇنداقلا «ئىللەتكە تولغان مىللىتى»گە بولغان بىزارلىق، غەزەپ - نەپرەتنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار ھەققىدە نېمە دەيلى، نېمە يازايلى بەربىر ئۇيغۇرمىز. كېچە - كۈندۈز يەھۇدى، ياپونلارنى ماختاپ ئۆزىمىزنى پەس كۆرسەكمۇ يەنىلا ئۇيغۇرمىز. بىزنىڭ ئۇيغۇردىن باشقا بىر كىم بولۇشىمىز يوق. مەيلى مىللىتىمىزنى سۆيەيلى، ئۆچ كۆرەيلى، ئۇيغۇرلار توپى ئىچىدە ياشايمىز، بىزنىڭ قېنىمىزدا ئۇيغۇرنىڭ قېنى بار، روھىمىزدا ئۇيغۇرنىڭ روھى بار. بىز بۇنىڭدىن تانالمايمىز، يانالمايمىز.

مەن تولىمۇ ھەيرانلىق ئىچىدە شۇنداق بىر پاكىتنى بايقىدىم. ھە دېسە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىللەت - نۇقسانلىرىنى سۆكىدىغان ئادەملەردە ئىللەت - نۇقسان دېگەن يەتكۈچە باركەن، ئۇلار ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى كۆرمەيدىكەن، بىلمەيدىكەن، نەتىجىدە تۈزەتمەيدىكەن. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزگىلەرنىڭ جىسمىدىكى، روھىدىكى، ھەتتا ھۇجەيلىرىدىكى ئەڭ كىچىك ئىللەتلەرنىمۇ مىكروسكوپسىز كۆرەلەيدىكەن. ئۆزىدە بار ئىللەتنى تۈزەتمىگىنى بىلەن ئۆزگىلەرنىڭ ئىللىتىنى تۈزىتىۋېلىشنى «سەممىي» ئۈمىد قىلىدىكەن. بۇنداق كىشىلەر جەمئىيەتتىكى بىكار تەلەپلەر ئارىسىدىمۇ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەب - سەنئەتكارلار ئارىسىدىمۇ بار ئىكەن. ئۇلار بىراۋنىڭ كەمچىلىك نۇقسانلىرىنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرۈشكە؛ بىراۋنىڭ ئىللىتىنى قامچىلاشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئىللىتىنى تۈزىتىشكە ئەڭ ھەقلىق ئىدى. ئەمما ئۇلار ئەمەلدە «مىللەتپەرۋەر» بولمىغىنى بىلەن شەكىلدە مىللەتپەرۋەر بولغاچقا ھەمىشە «مىللىتىنى ئويلاپ» ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن، قارىغاندا ئۇلار «ئۆزلۈك»نى يوقىتىپ «فەنا»غا يەتكەنلەر بولسا كېرەك.

مىللەتنىڭ ئىللەتلىرىنى سۆكۈش بىلەن باشلانغان بۇ «ئۆزىنى تونۇش، ئاقارتىش ھەرىكىتى» مىللەتنى سۆكۈش بىلەن تۈگەللەندى. مىللەتنى سۆكۈش بىلەن مىللەتنى تۈزىگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىللەت بىر

پۈتۈن مىللەتنىڭ ھەممە كىشىسىدە بولمايدۇ. ئازغىنە كە-
شىلەر ۋۇجۇدىدىكى ئۇسىملەرنى پۈتكۈل مىللەتكە
مەنسۇپ قىلغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. مىللەتنى تۈزەشنىڭ
ئۈنۈملۈك يولى قامچىلاش بولماستىن ئۆز - ئۆزىنى تونۇ-
تۇش، ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىدىكى شانلىق نەتىجىلەر ئار-
قىلىق مىللىي ئىپتىخارىنى قوزغىتىش؛ ئار - نومۇس ۋە ھا-
قارەتنى ئەسلىتىپ كىرىزىس ئېڭىنى ئويغىتىشتۇر.

بەزىلەر ئېيتىدۇ: «ئۇيغۇرلار تارىخ ئوقۇمايدۇ،
تارىخ دېسە بېشى ئاغرىيدۇ». توغرا، مىللىتىمىز ئىچىدە
تارىخ ئوقۇمايدىغانلار بار. چۈنكى، ئانچە تارىخ يازماي-
دىغان قوۋمدىن تارىخ ئوقۇمايدىغان كىشىلەرنىڭ چىقىشى
نورمال ئەھۋال. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپ مائارىپىدىكى
جەڭگى - جېدەللەر، ئەستە تۇتۇش قىيىن بولغان يىلنامە-
لەر، قېلىپلاشقان ۋە فورمۇلالاشقان، ياشلار - ئۆسمۈرلەر-
نىڭ قىزىقىشىغا ماس كەلمەيدىغان تارىخ دەرسلىكى ئەۋ-
لادلىرىنى ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا
تارىختىن بىزار بولىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. ئۇنىڭ
ئۈستىگە تارىخنى چۈشىنىش بەلگىلىك سەۋىيە تەلەپ قىلى-
دۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن تارىخ يازغۇچىلار بولىدى-
كەن، تارىخ ئوقۇغۇچى چوقۇم بولىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ قولى-
دىن چىققان، ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئىشەنچلىك تارىخ رو-
ياپقا چىقماي تۇرۇپ، ئەجنەبىيلەر تەرىپىدىن يېزىلغان،
چىنلىقتىن كۆرە قىياس ۋە پەرەز ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن
تارىختىن بىزار بولغان خەلقنى تارىخ ئوقۇمايدۇ، دېيىش
ئەقىلگە سىغمايدۇ. دۇنيادا تارىخ يازمايدىغان قوۋم
بولغان، ئەمما تارىخ ئوقۇمايدىغان قوۋم بولمىغان، ئۇيى-
غۇرلار ھەم تارىخ يازمايدىغان ھەم ئوقۇمايدىغان قوۋمگە
مەنسۇپ ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئاز يازغان ياكى يازغانلىرى
تولۇق ساقلىنىپ قالمىغانلىقتىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەل-
مىگەن. ئوبيېكتىپ ياخشى يېزىلغان تارىخي رومانلار ۋە
ئەسلىمىلەرنى كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىدىن كۆرۈۋې-
لىشقا بولىدۇكى، خەلقىمىز ئىشەنچلىك تارىخلا بولىدى-
كەن، ئۇنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. گەپ ئەنە شۇنداق تارى-
خي ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا. مەسىلە ئۇنىڭ تەبىئىي
يوسۇندا ۋۇجۇدقا چىقىشىنى كۈتۈشتە ئەمەس، بەلكى ئۇنى
ئىجتىھات، تىرىشچانلىق ئارقىلىق مەيدانغا كەلتۈرۈشتۇر.
ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ تارىخى ئۇنىڭ چۈمپەردىسىنى ئا-
چىدىغان كىشى چىقمىغۇچە، ئۇ پەردىلەنگەن ياكى تۇماز-
لىق ھالىتىدە تۇرۇۋېرىدۇ.

فېيرباخ «ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن مىللەت، باش-
قىلارنىڭ ئالدىدا قۇل مىللەت» دېگەن. تارىخنى ئالدى-
ماقچى بولغانلار ياكى تارىخ تەرىپىدىن ئالدانغانلارنى كۈ-
تۈۋاتقان قىسمەت ئوخشاشتۇر. ئۇ بولسىمۇ گالۋاڭلىق،
قاششاقلىق، غاپىللىق ۋە جاھالەتتە قېلىشتۇر. ئىنسانلار تا-
رىخى ئىنسانلار ئاڭلىق پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ،
ئۇنىڭدا پارلاق سەھىپىلەر بولۇپلا قالماستىن، خۇنۇك سە-
ھىپىلەرمۇ بار. ئۇنىڭدا شادلىق بولۇپلا قالماستىن قايغۇمۇ
ھەم بار. پەردازلانمىغان ھالدا يېزىلغان تارىختا بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز-
نىڭ بىر پۈتۈن قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخى
نۇرغۇن قىسمەتلەرگە تولغان تارىختۇر. تەتقىقاتچى ۋە ئە-
دىبلىرىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا زاھىر قىلغىنى ئەنە شۇ قارا
كۈنلەردىكى چاقماق كەبى قىسقا داۋام قىلغان جىلمىيىشى
ۋە كۈلۈمسىرىشى، خالاس. بىز كۆپ ھاللاردا بۇ تارىخنىڭ
بىزنى شادلىققا، ھېس - ھاياجانغا سالىدىغان قۇرلىرىنى ئوقۇ-
دۇق، ئەمما ئۇنىڭ تەھدىتىگە يوشۇرۇنغان ئۆكۈنۈش ۋە
خىرىسلارنى ئۇنتۇدۇق.

ئۆتمۈش، ھازىر ،كەلگۈسى بىر يىپ بىلەن باغلانغان.
تارىخنىڭ مۇساپىسى ئومۇمەن بىر گۈللىنىپ، بىر زەئىپلە-
شىش؛ بىر زەئىپلىشىپ، بىر گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئايلان-
ما ھالەتتىكى ھەرىكەت. بۇ مەدەنىي دۇنيادا تارىختىن ھەم
ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز ھەم قەدىمكىگە چوقۇنماسلىقىمىز،
بەلكى بىرلا قېتىم مېڭىش مۇمكىن بولغان بۇ يولدا مەردانە
قەدەم بىلەن ئالغا قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك.

2005 - يىلى ئالىي مەكتەپتىن ئايرىلىش ھارپىسىدا،
تارىخ كەسپى بويىچە ئاسپىرانت تەربىيەلەيدىغان بىر
دوتسېنت ئوقۇتقۇچۇم بىلەن سۆھبەتداش بولۇپ قالدىم،
ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇزاق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تېخىچە قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مە-
دەنىيىتى مۇپەسسەل بايان قىلىنغان، سىستېمىلىق يېزىلغان
مەدەنىيەت تارىخي كىتابىنىڭ يوقلۇقىنى تىلغا ئالسام، مۇ-
ئەللىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى مەسىلىسىدە تالاش -
تارتىش قىلىنىۋاتقان ۋە تېخىچە ھەل بولمىغان مەسىلىلەر-
نىڭ كۆپلۈكىنى، مەدەنىيەت تارىخنى يېزىشتىن بۇرۇن
ئالدى بىلەن ئەجداد مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم-
لىقىنى ئېيتقانىدى. ئارىدىن شۇنچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، مۇ-
پەسسەل ئەمەس يۈزە يېزىلغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارى-
خى»مۇ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە يېزىلمىدى، بۇنى كىم،

قاچان يازىدۇ؟ بىلىپ بولمايدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەنلەر يوق ئەمەس. بۇلارغا مەرھۇم ئالىمىمىز ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»نى، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئىسمائىل تۆمۈرى ئەپەندى يازغان «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»نى ۋە باشقىلارنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. ھاجى نۇر ھاجى «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يازدى. كىتاب بولۇپ چىققانلار مۇشۇلار بولۇپ، قاراخانىلار سۇلالىسىگە ئائىت ماقالىلەر يېزىلدى، ئەمما كىتاب يېزىلمىدى. بۇ ئەسەرلەردىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سىماسىنى كۆرەلمەيمىز. ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىدە ھەم بىزگە ئوخشاش ئەپسانىدىن، رومانىدىن تارىخ ئىزدەشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تارىخنىڭ قەلىمى قولىمىزدىكى چاغدا تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەرگە بولغان ئادىل باھايىمىزنى ئايىماسلىقىمىز لازىم.

خەلقىمىزدە «قوشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن» دېگەن ماقال بار. تارىخ قوشقاچ ئەمەس، تارىخشۇناس ھەم قاسساپ ئەمەس. ناۋادا ئىش ئۆز ئەھلىگىلا قويۇپ بېرىلسە، ئېنىقكى ئۇيغۇرلارنىڭ 21 ـ ئەسىردىكى تارىخىمۇ ئاق قالغىنى قالغان. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئېتىبارى يوق بۈگۈن ئەۋلادلارنىڭ ئۆتمۈشى ئىدى. تارىخ يېزىشنى تارىخ ئوقۇغانلارغىلا تاپشۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر نەزەرىيەگە پۇختا، ئەمەلىيەتكە چولتا؛ يېزىشنى بىلىدۇ، ۋەقەنى بىلمەيدۇ؛ يېزىشنى ئويلايدۇ، ۋاقىت چىقىرالمايدۇ؛ بۈگۈن يازمايدۇ، ئەتە يازىدۇ دېگەندەك سەۋەبلەر تۈپەيلى يازمايدىغانلارنىڭ سانى يازىدىغانلاردىن كۆپ بولىدۇ، بۇ يەنىلا ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ بۈگۈنكى بەتلىرىنىڭمۇ ئاق قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تارىخنى تارىخ ئەھلىلا يېزىش ھاجەتسىز. قولىدا قەلەم تۇرىدىغان، ساۋادى بارلىكى ئادەم ئەھمىيىتى بار، خاتىرىلەپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارىغان ۋەقەلەرنى يېزىپ قويسا تامامەن بولىدۇ. تارىخنى فورمۇلالاشتۇرۇش، سىرلىقلاشتۇرۇش، بىر تالاي يىلنامىلەر دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ھاجەتسىز. ئۇنى چۈشىنىشلىك، ئاۋامغا يېقىن رەۋىشتە يازسىلا بولغىنى. ئاۋام ياراتقان تارىخنى ئاۋام يازسىلا تارىخ چىن مەنىسى بىلەن ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ.

فرانسۇز پەيلاسوپى ھېلۋېتىس: «ھەر بىر ئىجتىمائىي دەۋرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەربابلىرىغا موھتاج بولىدۇ. ئەگەر مۇنداق ئەربابى بولمىسا، ئۇ مۇنداق ئەربابنى يارىتىشى كېرەك» دېگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر جەمئىيىتى تارىخ ياراتقان قەۋمنىڭ تارىخىنى خاتىرىلەيدىغان تارىخشۇناسقا موھتاج بولماقتا.

**نەقىل مەنبەلىرى**

[1] [2] [10] [11] [12] ئابدۇۋەلى ھامۇت، ئوسمان بەختى، ئىسمائىل مەگلىك، ئازادەم ياسىن، ئابلىمىت مۇھەممەت، تاشمۇھەممەت ئابدۇراخمان قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان: «تارىخ ئىلمىدىن ئومۇمىي بايان»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1994 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسى، 753 ـ، 764 ـ بەتلەر.

[3] [4] [5] [6] [7] [8] [9] يۇقىرىقى كىتاب: 623 ـ، 648 ـ، 649 ـ، 695 ـ، 696 ـ، 698 ـ ، 704 ـ، 707 ـ، 560 ـ، 487 ـ، 567 ـ بەتلەر.

[13] «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 381 ـ بەت.

[14] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىلى 5 ـ سان، 80 ـ بەت.

[15] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «تارىخ تەتقىقاتىدىكى يېڭى مېتود ‹تارىخنى ئۇنىڭ ئۆز ئۇچۇرى ئارقىلىق بايان قىلىش›»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 2000 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ سان، 146 ـ بەت.

[16] ئارنولد تويىنبى: «تارىخ تەتقىقاتى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، (خەنزۇچە) 2005 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 2008 ـ يىلى 3 ـ ئاي 4 ـ بېسىلىشى، 23 ـ بەت.

[17] ۋ . گ. يان: «چىڭگىزخان» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. 1986 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى، كىرىش سۆزىدىن ئېلىندى.

[18] موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى» ئۇيغۇرچە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 31 ـ بەت.

[19] ئىسمائىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسى، 5 ـ بەت.

[20] ئابدۇقادىر جالالىدىن: «مەدەنىيەتتە مۇنازىرە روھى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 2000 ـ يىلى 1 ـ سان، 147 ـ بەت.

ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك تەجرىبە مەكتەپنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى

ماقالىنى تەھرىرلەپ بېكىتكۈچى: ئابلەت نۇردۇن (ئالىي مۇھەررىر)

# ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر نەسر ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنئاي تۇراق،ئابدۇللا موللا قاردۇلار خەۋىرى (قىسقارتىلمىسى)

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر نەسر ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» 2014 - يىلى 20 - دېكابىر بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتى ۋە تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولۇپ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تاڭ شياۋچىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئازاد سۇلتان، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى جاۋ يەنبياۋ، مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئالىمجان سابىت، مەركىزىي مىللەتلەر ئونىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ئەدەبىياتى ئىنستىتوتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ئەركىن ئارىز ... قاتارلىق بېيجىڭ ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئىدارە - ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرى،ئوبزورچى، تەتقىقاتچىلىرىدىن بولۇپ، 30 غا يېقىن ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تاڭ شياۋچىڭ خانىم باشلىنىش سۆزىدە مۇنداق دېدى: «يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ كونكرېت تەتقىقات نەتىجىلىرىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنى نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۆرتكە بولۇش - بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىمىزدا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك نوقتا. بېيجىڭدا ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ مۇنداق ئىككى ئەھمىيىتى بار: بىرىنچىدىن، بىز يىغىنغا يالغۇز تەتقىقاتچىلارنىلا ئەمەس، يازغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىمۇ تەكلىپ قىلدۇق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يازغۇچىلار بىلەن تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمپائالىيەتلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ھازىرلىدۇق؛ ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا بىز نوقۇل ھالدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىلا ئەمەس، ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئورتاق گۈللەنگەن كونتېكست ئىچىدە تۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىز لازىم. بۇ قېتىمقى يىغىن كۆپچىلىككە مۇشۇ خىل سەھنىنى ھازىرلىغۇسى.»

يىغىنغا ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان نەسر ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى پەللىسىنى ياراتقان، قويۇق لىرىكا ۋە پەلسەپىۋى ھېسلارغا تويۇنغان نەسرلىرى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر نەسر ئىجادىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى ئەخمەت ئىمىن ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى، دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بەگمەت يۈسۈپ تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئازاد سۇلتان ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىزنالىرى «مەڭگۈ تاشلار»دىن باشلىنىپ، كېيىنچە شېئىرىيەتكە كۆچكەنلىكى، 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى بىلەن يەنە قايتىدىن گۈللەنگەنلىكى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ نادىر ئەسەرلىرى تەسىرىدە، 80 - يىللاردىكى نەسر قىزغىنلىقىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا توختالدى. ئازات سۇلتان مۇنداق دېدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھاكىمىلەر بولدى، تولىسى شىنجاڭدا، ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى ئۆزىمىز قىلىپ، ئۆزىمىز باھالاپ، شۇنداق كېلىۋاتىمىز، ئەمدى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا بېيجىڭدا كۆپ مىللەت تەتقىقاتچىلىرى ئارىلاشقان بىر ئەھۋالدا توختىلىش بەك ئاز، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ھەققىدە مەخسۇس تېمىلىق بىر مۇھاكىمىنىڭ بولغانلىقى

مىنىڭچە بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە كېلىپ مەملىكەت نۇقتىسىدىن ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىش مۇھىتىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقى، ئەدەبىي مۇھىتنىڭ قويۇقلىشىۋاتقانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، پايتەختىمىزدە مۇشۇنچىلىك بىر سورۇن تەشكىللەپ، ھەر مىللەت ئوبزورچىلىرى، تەتقىقاتچىلىرى ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن ماقالىلەرنى يېزىپ تەييارلاپ، مۇشۇ يەردە ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش بەك ئەھمىيەتلىك، ئەدەبىيات تەرەققىياتىمىزغا بەك پايدىلىق دەپ قارايمەن. ئەمدى ئۇيغۇر نەسرچىلىكىگە كەلسەك، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىغا كەلگەن چاغدا، شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە بىر تۈركۈم ئەدىبلىرىمىز، بالدۇر ئويغانغان مەشئەلچىلىرىمىز ئەدەبىياتتا نۇرغۇن يېڭى ژانىرلارغا يۈرۈش قىلدى، يېڭى شەكىللەرنى تىرىلدۈردى، لۇتپۇللا مۇتەللىپنى بىز شائىر دەپ بىلىمىز، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ دەسلەپكى نەسرلەرنى لۇتپۇللا مۇتەللىپ يازغان دېسەك بولىدۇ، مەسىلەن، «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق»، «ئەجەل ھودۇقىشىدا»، «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» قاتارلىق فېلىيەتونلىرىمۇ نەسر ھېسابلىساق بولىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ «تۇنجى پويىز ئاۋازى»، «قىزىل لاچىن» قاتارلىق نەسرلىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ نەسرلىرى كېيىنكى تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى سۈپىتىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» دېگەن ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدا بىر تۈركۈم نەسرلىرى ئېلان قىلىندى. بۇ بىر ئالىمنىڭ بىلىمگە تويۇنغان، نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەسرلىرى، ئۇلاردا تارىخ ھەققىدە، مىللەت ھەققىدە، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ھېسسىياتى، مول مەنىۋى دۇنياسى قاتارلىقلار ئۇچۇرلۇق قىممەت بىلەن نەسر شەكلىدە ئىپادىلەندى.

مۇشۇ بويىچە قاراپ كەلسەك، بىزنىڭ نەسر تارىخىمىز مۇشۇنداق بىر قانچە ئەۋلادلار ئارقىلىق زامانىمىزغا ئۇلىنىپ كەلگەن. ئەگەر بىز نەسرچىلىكىمىزدە لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلارنى بىرىنچى ئەۋلاد نەسرچىلەر دېسەك، سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندى كېيىن يازغان «قىزىل لاچىن» قاتارلىق نەسرلىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم «شېئىر ۋە شائىر»، «باش ئەگىم»، «دېڭىزدىن سادا» قاتارلىق نەسرلىرى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «سەۋدالىق تەئەججۈپنامىسى» قاتارلىق نەسرلىرى بىلەن ئىككىنچى ئەۋلاد نەسرچىلىرىمىز بولىدۇ.

80 ـ يىللاردىكى ئىسلاھات ئېچىۋېتىش دولقۇنىدىن كېيىن، ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسرلىرى نەسر ساھەسىدە يېڭى بىر نەتىجە بولۇپ تونۇلدى. ئەخمەت ئىمىن ئۆزىنىڭ تەسىراتلىرى ۋە چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا تارىخ، ئىنسان، ھايات، ئېكولوگىيە، مۇھىت، مەدەنىيەت، دىنىي ئەقىدە قاتارلىقلار ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرنى نەسرلىرىدە ئىپادىلىدى. ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى تىلى ئىنتايىن پاساھەتلىك، ناھايىتى چىرايلىق، قۇرۇلمىسى ئىنتايىن ئەپچىل. گەرچە ئەسەر قۇرۇلمىسى قارىماققا كەڭ ھەم ئەركىندەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى پىكىر ھەممىنى بىر يەرگە يىغىپ تۇرىدۇ، ھېسسىيات ھەممىنى بىر مەركەزگە ئۇيۇشتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ نەسرلىرىنىڭ تەتقىق قىلىدىغان، ئۆگىنىدىغان، خۇلاسىلەيدىغان تەرەپلىرى ئىنتايىن كۆپ. مېنىڭچە، ئەخمەت ئىمىن ئۈچىنچى ئەۋلاد نەسرچىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان چوڭ يازغۇچى. بىز بۈگۈن توختىلىۋاتقان بەگمەت... قاتارلىقلارنى ھەمدە يەنە بىر تۈركۈم نەسر يېزىۋاتقانلارنى تۆتىنچى ئەۋلاد نەسرچىلەر دەپ قارىساق بولىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ ئۇيغۇر نەسر ئىجادىيىتىمىز مۇشۇنداق بىر قانچە ئەۋلاد يازغۇچىلارنىڭ باشلاپ مېڭىشى، سەركەردىچىلىكى بىلەن ھازىرقىدەك گۈللىنىش مەنزىرىسىنى ياراتتى. بىزنىڭ نەسرلىرىمىزنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ نەسرلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرىمۇ، روشەن پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. ئۇلاردا ئىزچىل لىرىكىلىق تۈسى قوغلىشىدۇ، بايان ئاز بولىدۇ. ھازىر بەزى نەسرلەر ھېكايىدىن پەرقلەنمەيدۇ، بايانىنىڭ ئارىسىدا ئانچە-مۇنچە مۇھاكىمە ۋە ئازراق لىرىكا قىستۇرۇپ قويىدۇ، مۇشۇنداق ھالەت كۆپ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر نەسرچىلىرى ئىزچىل تۈردە ئاساسەن جىبرانغا ئوخشاش يازىدۇ، لىرىكىنى ئاساس قىلىدۇ، ھېس-تۇيغۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ، مۇشۇنداق بىر ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن قايسى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ يەنە قايسى تەرەپكە راۋاجلىنىدۇ بۇنى پەرەز قىلماق تەس. مېنىڭچە بۇ ئۇيغۇر نەسرچىلىكىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ھازىرغىچە نەسرچىلەر مۇشۇ ئالاھىدىلىك بىلەن كېتىۋاتىدۇ.

بىز ھازىر ياخشى بىر تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز، قىممەتلىك ھەم ياخشى پۇرسەتلەر كۆپ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇن زىددىيەتلەر گىرەلەشمە ھالەتتە تۇرۇۋاتى-

ىدۇ، مۇشۇنداق تارىخىي باسقۇچ ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يارىتىدىغان
ياخشى بىر مەزگىل. يازغۇچىلاردىن جۈملىدىن نەسر يازغۇچىلا-
رىدىن كۈتىدىغىنىم، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ خەلق ياقتۇرىدىغان،
خەلققە روھىي ئىلھام بولىدىغان، ھەم تۈرتكىلىك رول ئوينايدى-
غان ھەم تەربىيىۋىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق
خەلقىمىزگە جاۋاب بېرەيلى، پۈرسەتنى قەدىرلەيلى!»

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇ-
ھەررىرى جاۋ يەنبياۋ ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىدا خەنزۇ تى-
لىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتى
كەمچىل ئىكەنلىكىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر شېئىرىي ئەسەرلەر
ئىجادىيىتىدە بالىلار شېئىرلىرىنىمۇ كۆپرەك كۆچ چىقىرىش لا-
زىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدە-
بىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى ليۇ داشيەن
ئەخمەت ئىمىننىڭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىدا تەرجىمە
قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان نەسرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن يازغان
«ئاددىيلىق ۋە بوشلۇق — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر نەسر ئىجا-
دىيىتىدىكى ئىككى ئىستېتىك يۆنىلىش» ناملىق ماقالىسىنى ئو-
قۇدى؛ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئە-
دەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ئاسپىرانت يېتەكچى-
سى رەيھان قادىر بەگمەت يۈسۈپنىڭ ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلى-
رىدا ئېلان قىلىنغان نەسرلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ،
«روھنى ئۇرغۇتقان دۇنيا — بەگمەت يۈسۈپ نەسرلىرىنى
ئوقۇغاندىن كېيىن» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇدى؛ شىنجاڭ
سەنئەت تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ياسىن مۇخپۇل
ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسرلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ
«ئەخمەت ئىمىن نەسرلىرىدىكى ئىنسان سۆيگۈسى توغرىسى-
دا» ناملىق ماقالىسىنى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ
تەھرىرى ياڭ يۈمېي خانىم «ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدىكى ئار-
تۇقچىلىقلار ۋە كۈتىدىغانلىرىم» ناملىق ماقالىسىنى، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمە-
سىدىن بەختىيار باۋۇدۇن ۋە دىلمۇرات تەلئەتلەر «ئۇيغۇر
نەسر ئوبزورچىلىقىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر»، «ئۇيغۇر
نەسر ئىجادىيىتىدىكى ئۇتۇقلار ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر»
ماۋزۇلۇق ماقالىلىرىنى ئوقۇدى. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېر-
سىتېتى ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى
ئەكبەر قادىر «ئۇيغۇر نەسرچىلىكىدىكى توپلاملار توغرىسى-
دا»، «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇ-
ھەررىرى ئايگۈل ئەمەت «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر نەسر ئىجا-
دىيىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىس-
تانسىسى ئۇيغۇرچە چاستوتىسىنىڭ تەرجىمانى، شائىر ئابدۇللا
موللا قاردۇ «قومۇل مۇقاملىرىغا كىرىش — بەگمەت يۈسۈپ-
نىڭ ‹ قومۇل بىلەن سۆزلىشىش› ناملىق چاتما نەسرلىرى ھەق-
قىدە» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇدى.

يىغىندا جەمئىي 10 پارچە ماقالە ئوقۇلۇپ، ئۇيغۇر ھازىر-
قى زامان نەسر ئىجادىيىتىدىكى قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر
ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى. شائىر ئابدۇللا
موللا قاردۇ ئۆزىنىڭ يىغىنغا قاتناشقاندىكى كېيىنكى تەسىراتى
ۋە بەگمەت يۈسۈپ نەسرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى
ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

«ئۇيغۇر ھازىرقى زامان نەسر ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھا-
كىمە يىغىنىنىڭ بېيجىڭدا ئېچىلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ
گۈللەپ ياشناۋاتقان ۋەزىيەتتىكى بىر ياخشى ئىش بولدى،
دەپ قارايمەن. نېمىشقا دېگەندە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تەرەققىيات باسقۇچى ئارقىلىق
نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بولۇپمۇ پروزا، شېئى-
رىيەت ساھەسىدە ھەقىقەتەن بىزنى خۇشاللاندۇرىدىغان
نۇرغۇن ئېسىل ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى، ئەمما، ئەدەبىياتتى-
كى تۆت چوڭ ژانىرنىڭ بىرى بولغان نەسر ئىجادىيىتى ھازىر-
غىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر ئاجىز تىما بولۇپ تۇرماقتا. بۇ-
نىڭدا ئىزچىل قەلەم تەۋرىتىپ كېلىۋاتقان بەزى يازغۇچىلىرى-
مىز بار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئارىدا سەل ئۈزۈكچىلىك بار،
ئەخمەت ئىمىن بۈگۈنكى زامان نەسر ئىجادىيىتىدە ئوقۇرمەن-
لەر ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئېسىل ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈر-
دى، ئەخمەت ئىمىننىڭ «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە»،
«تۇپراق ساداسى»، «ئوۋ تاماشاسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم
نەسرلىرى ئادەتتە بىر ژانىر شەكلىدىلا ئەمەس، مەزمۇنىدىن
ئېلىپ ئېيتساقمۇ ئۆزگىچە بىر تۇيغۇ بىلەن سۇغىرىلغان، ئۇ-
نىڭدا بۇرۇنقىدەك «ئاھ، پاھ» دېگەندەك ئۇسلۇبلار بۇزۇپ
تاشلىنىپ مۇھىت، ئېكولوگىيە، ئادەمىيلىك تۇيغۇسى، ئىجتىما-
ئىي ساپاسى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىرلەر يۈرگۈزۈلگەن، شۇڭا،
ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسرلىرى ھازىرغىچە «ئۇيغۇر نەسرچىلى-
كىنىڭ يۇقىرى پەللىسى» دەپ قارىلىۋاتىدۇ...

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىندا ئەخمەت ئىمىن
بىلەن بەگمەت يۈسۈپنىڭ ئىجادىيىتىنى نۇقتىلىق قىلىپ، بۇ-
گۈنكى زامان ئۇيغۇر نەسرچىلىكى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈر-
گۈزۈلدى، بۇنىڭدا مەن بەگمەت يۈسۈپنىڭ نەسرلىرىنى تۇتقا
قىلىپ، بولۇپمۇ توپلاملىرىنىڭ ئىچىدىكى «رىۋايەت ئارىلى»

غا كىرگۈزۈلگەن «قومۇل بىلەن سۆزلىشىش» ناملىق چوڭ ھەجىملىك نەسرىگە قارىتا بىر پارچە تەسىرات ماقالىسى ياز دىم. بەگمەت يۈسۈپ ئەسلى 80 ـ يىللاردا ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەت ئېقىمىدىكى شائىرلارنىڭ بىرى ئىدى، كېيىن ئۇ ژۇرنالچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر مەزگىل شېئىر ئىجادىيىتىنى تاشلاپ قويدى، 2000 ـ يىللاردىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇرۇلۇش ياساپ نەسر ئىجادىيىتىگە ئۆتتى، بەگمەت يۈسۈپ ئۆزى ئەسلىدە شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نەسرلىرىنى ئوقۇساق ئۆزگىچە شېئىرى ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بەگمەت يۈسۈپنىڭ ئەسەرلىرىدە بۈگۈنكى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاتاقلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئەكبەر نادىر دېگەندەك ئۇنىڭدا بىر خىل «قومۇل روھى» يۇراپ تۇرىدۇ. قانداق دېگەندە بەگمەت يۈسۈپ ئۆزى قومۇلدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، قومۇلدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن، شۇڭا قومۇلدىكى ھەر بىر تاغۇ-تاش، دەريالار، شۇ يەردىكى خەلق، شۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەن قەھرىمانلارغا چوڭقۇر مۇھەببىتى بار، «قومۇل بىلەن سۆزلىشىش» ناملىق بۇ چاتما نەسر «قومول 12 مۇقامى» ئىلھامى ئاساسىدا قومۇل خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىدا تۇتقان ئورنى، قومۇلنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادىتى، شۇنىڭدەك قومۇل دىيارىدىكى نۇرغۇن قانلىق جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن قەھرىمانلارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى، ئادىمىلىككە، يۈكسەك ئىنزگۈلۈككە ئۈندەيدىغان بىر يۇرۇش لىرىك ھېسسىياتلار بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن...»

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچكىچە داۋاملاشتى، يىغىندا يازغۇچىلار ۋە تەتقىقاتچىلار ئۆز ئارا ئەركىن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نەسرلىرى مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان ئەخمەت ئىمىن ۋە بەگمەت يۈسۈپلەر ئوبزورچى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىگە بولغان باھا ـ تەقرىزلىرىنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ نەسر ئىجادىيىتىگە قەدەم قويۇش جەريانلىرى ۋە بۇ جەھەتتە يولۇققان مەسىلىلىرىنى بايان قىلدى.

نەچچە سائەت داۋاملاشقان يىغىن قىزغىن كەيپىياتتا ئاياقلاشتى، كۆپچىلىك ئاخىرىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى ھەم بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ كۆپلەپ ئۆتكۈزۈلۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈشتى.

(سۈرەتلەرنى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى يىلدىرىم ئەكبەر تەمىنلىگەن)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2015 ـ يىلى 1 ـ سان (ئومۇمىي 331 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇرجىڭيۈەن خىزمەت بىناسى 7. قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 8.50 يۈەن

《新疆文化》(维吾尔文)
综合性文学双月刊
主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼
邮 编：830002 电话：（0991）2856942
印 刷：《新疆日报》印务中心
发 行：乌鲁木齐市邮局
订 阅：全国各地邮局
邮发代号：58-22 定价：8.50元

# ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر نەسر ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى











# «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ خەنزۇچە ئاۋازلىق نەشر نۇسخىسى بېيجىڭدا تارقىتىلدى












